
# يېڭى قاشتېشى


# NEW JADE LITERATURE


5

1993

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەت بۇ يىل 13 - ئاۋغۇستتا «يېڭى قاشتېشى»
ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ژۇرنال خىزمىتى
ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى







# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

5
1993

(ئون تۆتىنچى يىل نەشرى)

(ئومۇمىي 73 - سان)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

# بوستاندا

## ھېكايىلار


سېغىنسەن ئانا دەريا يۇرۇڭقاش ............ نۇر مۇھەممەت توختى 2
قىيا ئاستىدىكى جەسەت ............ قەيسەر ئابدۇقادىر 32
مېھىر ............ قەمبەرنىسا مەتنۇرى 38
تەۋەررۈك ............ تۇرسۇنتوختى سۇلايمان 41
ئەنسىرەش ............ يۈسۈپ توختى 53
ئىككى ھېكايە ............ قەدىردىن قادىر 58
ئانا ۋە بالا ............ مەريەمگۈل مەتقۇربان 63
تەڭرىنىڭ ھوزۇرىدا ............ مۇھەممەتجان مەتسەيدى 81
ئانا مېنى كەچۈرگىن! ............ رابىيە مەتتۇرسۇن 82
بىر تال تاماكا ............ ئابلىمىز ئابلەت 85
كۆڭۈلدىكىدەك دوستلار ............ مۇھەممەتئېلى مۇھەممەتئىمىن 88


## نەسرلەر


نەسرلەر ............ پاتىگۈل خۇدۇيۇم 90
نەسرلەر ............ مەتتوختى سەبەت 92


## شېئىرلار


كاجىنى ئۇخشارىدىش بازار ............ روزى سايىت 42
چىرا تەسىراتلىرى ............ ئابدۇغېنى سىيىت 44
پۇل ھەققىدە ............ ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن 46
كىرگەنمۇ سىز جاڭگالغا؟ ............ سۇلايمان ھوشۇر 46
ئىككى شېئىر ............ مۇھەممەتئىمىن غوپۇر (يادىكار) 47
ئەينەك ............ تۇرسۇننىياز ئابدۇللا 48
شوخ كۈلكەڭنى مەندىن ئايىما ............ مۇكەررەم بەختى 49
چىرا ئىلھاملىرى ............ مۇھەممەت بارات (تەشنائى) 50
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سەھرا ............ غوجەمۇھەممەت مۇھەممەت 75
شېئىرلار ............ ئابدۇقادىر مەتسىدىق 78
ئىككى شېئىر ............ خالىس 79


## ئوبزورلار


«پەلىۋانكىن I» دا يارىتىلغان خاراكتېر ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە قاراشلىرىم ...... ئۆمەر مەتنۇرى 66
«شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق ھېكايە توغرىسىدا ............ غوپۇر توختى 68
تەنھالىقتىن قايتىش ............ ئەكبەر سالىھ 71
زۆرۈرىيەتسىز ئېچىنتقۇ ............ ئەكبەر ئەزىز 93

# دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ژۇرنال خىزمىتى توغرىسىدا قىلغان سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

دۆلەت كومىسسارى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد 1993 - يىلى 13 - سېنتەبىر، جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن خوتەن مېھمانخانىسىدا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرنى قوبۇل قىلىپ ژۇرنال خىزمىتىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى ئۇققۇشقاندا مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىدىن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1) مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ ھەممە سانلىرىنى دېگۈدەك ئوقۇپ چىقىۋاتىمەن. «يېڭى قاشتېشى» ئوبدان باشقۇرۇلۇۋاتىدۇ، ياخشى چىقىرىلىۋاتىدۇ، جامائەتچىلىك ئىچىدىكى ئىنكاسلارمۇ يامان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن بەدىئىي سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، يەنىمۇ تىرىشىڭلار، بىر ژۇرنالنىڭ 14 يىل ئۇدا ساغلام نەشر قىلىنىشى كىچىك ئىش ئەمەس.

2) ژۇرنال نەشر قىلىنغان 14 يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ئاپتورلارنى يېتىشتۈردى. مەن خوتەن يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ تۇرغان چاغدا، يازىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىر سەۋىيىلىك يازغۇچى، شائىرلىرىمىز يېتىشىۋېتىپتۇ. بۇ ياخشى ئەھۋال. بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى خۇشال. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ يېڭى كۈچلەرنى بايقاپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

3) يەرلىك ئالاھىدىلىك، خاسلىقنى چىڭ تۇتۇڭلار. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا تىل، ئۇسلۇب، مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى بىر قەدەر كۈچلۈك. مەن ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىنى ئوقۇغىنىمدا، ئانا دەريا يۇرۇڭقاشنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن. دېمەكچى بولغىنىم تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇڭلار.

4) بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە كلاسسىكلارنى قېزىشتا ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ جەھەتتە تۆھپەڭلار بار. ھازىر مۇنداق خاھىش بار، يەنى يېقىندىن بايقالغان بىرەر كلاسسىك ئەسەر قايسى ژۇرنالغا بېرىلمىسۇن ئەسەردىن كۆرە ئاپتورغا بېرىلىدىغان باھا كۆپ، ھەتتا يۈكسەك، مېنىڭچە ھەر قانچە قىلغان بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىسى ھازىرقىلارغا يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۆزىدە يوق سۈپەت بىلەن ماختاپ، ئالدىراپ مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك كېرەك. تارىخىي رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتسە سەپسەتىگە ئايلىنىدۇ.

5) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ رەتلەش، ئېلان قىلىشنى چىڭ تۇتۇڭلار. «نەسىردىن ئەپەندى» نى تاشلىۋەتمەڭلار. بەزى گېزىت - ژۇرناللار، بەزى جايلار يېڭى «ئەپەندى» ياساپ چىقىش ھەلەكچىلىكىدە قېلىپ، مىللىتىمىزگە ئورتاق، ئەسلىدە بار «نەسىردىن ئەپەندى» نى تاشلىۋەتتى. بۇ ياخشى ئەمەس...

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

# سېخىيسەن ئانا دەريا يۇرۇتقاش

(ھېكايە)



نۇرمۇھەممەت توختى

1

تۈن كېچە. ئاسفالت ياتقۇزۇلمىغان يېزا تاشيولىدىكى ئۇششاق شېغىل تاش-لار ۋېلىسىپىت چاقى تېگىدە شاراقشىيت-تى، توختىماي ئايلىنىۋاتقان پەدال ۋە زەنجىرمۇ شاراقشىيتتى. ھەر بىر ئويدانلىق-چوڭقۇردىن سەكرىگەندە، كونىراپ كەتكەن ۋېلىسىپىتنىڭ ھەممە دېتال-زاپچاسلى-رىمۇ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ جالاقلايتتى. ئاشۇ شاراقشىغان-جالاقلىغان ئاۋازلار قوشۇلۇپ، تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، سىرلىق قاراڭغۇلۇققا تېخىمۇ سىر قوشات-تى. يىراقتىن ئاڭلىنىغان ئادەمگە، ئاللى-قانداق بىر ئالۋاستى تەتۈر كىيگەن جۇ-ۋىسىنىڭ ھەر بىر تۈكىگە مىڭ قوڭغۇراق ئېسىپ، قوڭغۇراقلىرىنى بار كۈچى بىلەن جىرىڭلىتىپ، نېمىنىدۇر قورقىتىپ، شىددەت بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قوغلىنىغانغا قېچىپ بەرگەندەك، شېغىللار-نىڭ شاراقشىشلىرى، دېتال-زاپچاسلار-نىڭ جالاقشىشلىرى ئاستا-ئاستا يىراق-لاپ كېتەتتى ۋە يېڭى-يېڭى مەھەللى-لەردە سادا چىقىرىپ، ئۇ يەرلەردىمۇ قور-



قۇنچ پەيدا قىلاتتى، لېكىن ھايال ئۆتمەي
ئۇ يەرلەردىنمۇ يىراقلاپ كېتەتتى... شۇن-
داق قىلىپ، ئۈچ ۋېلسىپىت تۇساللىمىنىڭ
كەنت - مەھەللىلىرىدىن ئۆتۈپ، چاما -
دارنىڭ قويۇق دەرەخلىك كوچىلىرىنى
بويلاپ ئۇزاق چېپىشتى. «پۇتلاش مەھەل-
لىسى» دىن ئۆتۈپ، سايغا چىقتى. غەرب-
تە- تۇزلۇق سايدىكى ئايرودرومدا -چى-
راغلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. ئۇلار
شەرققە بۇرۇلۇپ يەنە توختىماي يۈرۈپ
كېتىشتى. يول ياقىسىدا، ئۆستەڭ قېشىدا
ئۆسكەن ياڭاق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ ئۆزگە-
چە ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. شېغىل شا-
راقشىيتتى، ۋېلسىپىت جالاقلايتتى. شاراق-
شىغان، جالاقشىغان ئاۋازلار ئۇلار يۈرۈگە-
قاشنىڭ قىرغىقىغا يېقىنلاپ بارغانسېرى
توختىدى. ئەمدى تەرەپ - تەرەپتە قو-
رام تاشلار چېچىلىپ ياتقان قۇمساڭغۇ سا-
ھىل باشلانغانىدى. ۋېلسىپىتلاردىن
ئۈچ ئادەم چۈشۈپ، تەرلىرىنى سۈرتۈشتى.
ئۆپكىلىرىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئېتىلىپ
چىقىۋاتقان ھاسىراش - ھىقىراشلار بىر-
بىرىگە ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇلار كۈلۈمسى-
رەشتى. ئاشۇ كۈلۈمسىرەشلەردە، مەنزىل-
گە يېتىۋالغانلىقنىڭ شادلىقىدىن كۆرە،
يولغا چىقىش ئالدىدىكى چاقچاقنىڭ تە-
سىرى روشەنرەك ئەكس ئېتەتتى. ئەل-
لىك ياشلاردىكى ئادەملەر ئۈچۈن ئۈچ
سائەتلىك يول ئاز مۇساپىمۇ؟ ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئىشتىن قاچقاندەك تېز مېڭىشتى.
قانداقمۇ ھاسىراشمىسۇن؟ ئۇزۇن يىل تا-
ماكا چېكىپ ئىسلانغان خىخىردەكلەردىن
قانداقمۇ خىرقىرىغان ئاۋازلار چىقمىسۇن؟!
چاقچاق دېگەن چاقچاق. لېكىن ئادەم دې-
گەن ياش چوڭايغانسېرى ئاجىزلىشىدىغان
مەخلۇق. يوتقان ئىچىدىكى پائالىيەتنىڭ
ئازايغان - ئازايمىغانلىقىنى، جايىدا
بولغان - بولمىغانلىقىنى قانداقمۇ سەپەر-
دىكى ھېرىش - ھارماسلىقتا قاراپ ئۆل-
چىگىلى بولسۇن؟! ھېرىشقان، ھاسىراپ -
ھىقىراشقان بولسىمۇ بەزىلىرى مەنزىلگە
يېتىپ چىقىشتى، ھېچكىم سەپتىن چۈشۈپ
قالمىدى. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئالدىدا چې-
نىپ قالمىدى... لېكىن ئۇلار ئۆپكىسىنى
باسالماي ھاسىرىشاتتى. يولغا چىقىش
ئالدىدىكى چاقچاقنىڭ تەسىرىدىن كۈلۈم-
سىرەپ تۇرۇپ ھاسىرىشاتتى...

ئۇلار قۇمساڭغۇ قىرغاقتا ۋېلسىپىتلى-
رىنى يېتىلەپ يۈرۈپ كېتىشتى. تاڭ تېخى
سۈزۈلمىگەن، جەنۇبتىكى قارا قورۇمنىڭ
ھەيۋەتلىك چوققىلىرىنى تېخى پەرق ئەت-
كىلى بولمايتتى. سەپەرداشلار خۇشال ئىت-
دى. ئالدىنئالا پىلانلىغانلىرىدەك، مەن-
زىلگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كېلىشتى. بىرەر
كىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، خىجىللىقمۇ
تارتىشمىدى. ۋاقىتتىنمۇ ئۇتتۇشتى. ئەمدى
پۈتۈن بىر يەكشەنبە ئۇلارنىڭ ئىختىيارى-
دا، ھېچكىمدىن قېچىپ - تارتىنىپمۇ يۈر-
مەيدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى تونۇيدىغان
ھېچكىم يوق، پەقەت ئامەت كەلسىلا بول-
غىنى...

ئۇلار بۇ يەردە بىزنى ھېچكىم تونۇ-
مايدۇ دەپ ئويلاشقانلىرىدا، خاتالاشقانى-
دى. ئۇلارنى مانا شۇ ئەزىم دەريا تونۇ-
يتتى. تونۇش، مېھرىبان ئانا دەريا ئۇ-
لارنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. تاڭ
ئالدىدىكى كۈگۈمدا، ئۇنىڭ دولقۇن ئۇ-
رۇپ، ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى
بولمايتتى، نەرە تارتىپ شاۋقۇنلىشىمۇ
ئاڭلانمايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ دەريادا دول-
قۇن ئۇرۇپ ئۆركەشلىگۈدەك، نەرە تارتىپ
شاۋقۇنلىغۇدەك ئۇلۇغ سۇ يوق ئىدى.

كەلگۈن ئاللىقاچان تارتىلغان، ئاخىرقى
سېزىندى سۇلارلا كىچىككىنە ئېقىن ھاسىل
قىلىپ، بوش لۆمشۇپ ئېقىپ تۇراتتى. كۆـ
كۆم لىباسىنى يېپىنغان پەسىللىك دەريا
ئېنىگىدۇر مۇڭلىنىپـ غېرىبسىنىپ قالغانـ
دەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئېگىز قىرغاقتا دەرياغا قاراپ
توختاپ قېلىشتى. ئەسلىرىگە ئانا دەريا
بىلەن باغلىنىشلىق ئەسلىمىلەر چۈشتى.
يۇرۇڭقاش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇشۇ زېـ
مىننىڭ مېھرىبان ئانىسى، ئىللىق قۇچاقـ
لىرىنى كەڭ ئېچىپ، بوستانلىقلارنى مەھـ
كەم باغاشلاپ تۇرغان مۇھەببەت ئىلاھى
ئىدى. ئۇ دولقۇنلاپ باغرىنى ئىككى قىرـ
غاققا رەڭگۈلۈك يېقىپ تۇراتتى. ئىككى
قىرغاقتىكى رەڭدار گۈلدەستىدەك كۆرۈنـ
دىغان بوستانلىقلارنى ئابى زەمزەمدەك
شېرىن سۇلىرى بىلەن سۇغىراتتى. جاھانـ
غا مەشھۇر خوتەن قاشتېشىنى يىراق قاراـ
قۇرۇمدىن ئېقتىپ كېلىپ بوستانلىقلارـ
نىڭ بوينىغا مارجان قىلىپ ئاساتتى. ئۇـ
نىڭ گۈل ـ چېچەكلىك بويلىرى مۇشۇ زېـ
مىن پەرزەنتلىرىنىڭ سەيلىگاھى، دەردـ
ئەلەملىرىنىڭ قەبرىگاھى ئىدى. ھاياتـ
پەيزىنى سۇرگەنلەر ئۇنىڭغا چۆمۈلەتتى،
ھاياتتىن بەزگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى
تاشلايتتى. لېكىن ئۇ دەرد ـ ئەلەم پەريادـ
لىرىنى ئېقىتىپ كېتىپ تېزلا ئۇنتۇلدۇراتـ
تى. شۇڭىمۇ يۇرۇڭقاشنىڭ بويلىرىدا كۆپـ
رەك شادلىق سادالىرىلا ياڭرايتتى.

كۆپ يۇرتلارنىڭ ئابىزەمزەم ئاقىدىغان
دەريالىرى باردۇر. لېكىن كىمنىڭ ھەم ئابىـ
زەمزەم ھەم قاشتېشى ئاقىدىغان دەرياسى بار؟
يۇرۇڭقاش، ئاشۇ نۇردەك سۈزۈك بىباھا قاشـ
تېشى بىلەن داڭلىق. يۇرۇڭقاش ئەسىرلەردىن
بېرى قاشتېشى چايقاپ توختىمىدى. ئۇ

ئېقىتىپ كەلگەن قاشتېشى شۇنچىلىك جىقـ
كى، ھەممە خوتەن قىزلىرىنىڭ جۈپ ـ
جۈپ قاشتېشى بىلەزۈك سېلىشىدىكى،
زەڭگەررەڭ قاشتېشى مېدالىيون ئېسىشىـ
دىكى سەۋەب شۇنىڭدا. ئۇ ھەممىگە يېتىدۇ،
خوتەن قىزلىرىنىڭ سۈزۈك ھۆسنى ئاق
قاشتېشىدىن، سۇمبۇل چاچلىرى قارا
قاشتېشىدىن، گۈلدەك لەۋلىرى قىزىل
قاشتېشىدىن سىياق ئالغان. ئۇلار مۇـ
ھەببەت سەۋدالىرىدا ئاشىقىدىن جۇدا
بولسا، ئۆزلىرىنى ئاشۇ يۇرۇڭقاشقا
تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك
ۋە گۈزەل ۋۇجۇدى چۆكۈپ، قاشتاشلىرىغا
قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يۇرۇڭقاشتىكى قاشـ
تېشىنىڭ سۈزۈكلىكى ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ
پاكلىقىنى ئەنداز قىلغان... قاشتېشى
ئامەتنىڭ، باي ـ بايashadلىقنىڭ،
گۈزەللىك ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى. ئۇنى
تاقىغان ئادەمگە رەقىبىنىڭ ھىيلە ـ نەيـ
رەڭلىرى، جادۇ ـ سېھىرلىرى كار قىلمايدۇ،
ھەسەت ئوتلىرى تۇتاشمايدۇ. قاشتېشى
تۇمار كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، ئاغزى
يامانىنىڭ سۆزىدىن، ئىچى يامانىنىڭ
ئوتىدىن ساقلايدۇ...

يۇرۇڭقاش ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ خىسلەتـ
لىرى، ئاشۇ گۈزەل قاشتېشىلىرى بىلەن
دۇنياغا داڭلىق ۋە ئۇلۇغۋار. مۇشۇ تاڭ
ئالدىدىكى كۈگۈمدا، ئۇنىڭ قىرغىقىدا
توختىغان ئۈچ ئادەم بۇلارنى ئېنىق
چۈشىنەتتى. يۇرۇڭقاشنىڭ خاسىيىتىنى،
قاشتېشىنىڭ قىممىتىنى بىلەتتى. ئۆزـ
لىرىمۇ ئاخىرقى ئۈمىدلىرىنى ئاخىرى
ئانا دەريا ۋە قاشتېشىغا باغلاشقانىدى.
ئاھ، ئانا دەريا، مەرھەمەت قىل،
سېخىيلىقىڭنى ئايىما، ئاشۇ ئۇزۇن كۈن
ۋە تۈنلەر، غەم ـ غۇسسىلەر، پەرزەنتـ

لەرنىڭ يېتىم قوزىدەك مۆڭلۈق بېقىش-
لىرى تامام تاپسۇن ، ئۆزۈڭ مېھرىبان
ئانام، مېھىرلىك قوللىرىڭ بىلەن بېشىم-
نى سىيلا، مەرھەمەت قىل...

ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد - ئارمان ئا-
شۇنداق نىدا قىلاتتى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇلار
نېمىشقىدۇر ئاللىقانداق ئازابتىن يۈرەكلىرى
ئېچىشقاندەك ھېس قىلىشتى. تاڭ ئالدىدىكى
كۆكۈمدا دەريا تولىمۇ مۆڭلۈق ۋەغېرىب،
پەرزەنت مېھرىدە بىر ئۆمۈر پايە-
پېتەك بولۇپ، ئۇزۇن يوللارنى باسقان
ئاق چاچلىق ئانىدەك ھارغىن ۋە ھالسىز
كۆرۈنەتتى. نېمىدۇر دەۋاتقاندەك، دەرد-
مۆڭلىرىنى تۆكۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.
ئۇلارنىڭ يۈرەك باغرى سىرىلدى. دەر-
ياغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، لېكىن ئۆزلىرى-
مۇ ئامالسىز ئىدى. ھەممە ئۈمىدىنى ئانا
دەرياغا باغلاشقان. راستىنى ئېيتقان-
دىمۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى
ئانا دەريا ھەل قىلمىسا، ئەمدى يەنە
كىم ھەل قىلاتتى؟ ئۇلار يىگىرمە يىل،
ئوتتۇز يىل كۈتتى. بەندىنىمۇ، تەگرىنىمۇ
كۈتتى، يەردىنمۇ، پەلەكتىنمۇ كۈتتى،
ھەل بولمىدى. ئاخىرى مانا شۇ يولغا
قەدەم بېسىشتى. مىليونلىغان پەرزەنت-
لىرىگە ھاياتلىق، خۇشاللىق، بايلىق ئاتا
قىلغان ئانا ئەمدى بۇلارغا كەلگەندە
پېخسىقلىق قىلارمۇ؟ ھايات بەخش ئەت-
كەن ئانا، بايلىقىغا كەلگەندە بېخىللىق
قىلارمۇ؟... ئۇلار ئانا دەريانىڭ سېخى-
لىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن شۇ تاپتا ئانا
دەريا ئالدىدا بىمەنزىل، ناشۈكۈر يولغا
قەدەم بېسىشقانلىرى ئۈچۈن ئوبدانلا
خىجىلمۇ بولۇشتى...

تاڭ سۈزۈلۈپ، شەرقىي ئۇپۇق توخۇم-
نىڭ سېرىقىدەك رەڭلەندى. قارشى
قىرغاقتىكى قاراقى، قارا يۇلغۇن دېگەن
كەنتلەرنىڭ قويۇق دەرەخلەر بىلەن ئو-
رالغان مەھەللىلىرىنىڭ ئاسمىنىدا موللاق
ئېتىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆك كەپتەرلەر
كۆرۈندى. دەريادىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك
سۇدا تاڭ نۇرى جىلۋە قىلدى. ئىش باش-
لاش ۋاقتى كەلگەنىدى. ئۇلار زەن-
جىرلىك قولۇپ بىلەن ۋېلسىپىتلىرىنى
چېتىپ بىر ئويمانغا ياتقۇزۇپ قويۇشتى.
سومكىلىرىنى ئۆشنىلىرىگە ئارتىپ،
ئىلمەكلىك توم پولات چىۋىقلارنى قول-
لىرىغا ئالدى. ئۇلار ئاشۇ ئىلمەك چىقىرىپ
تەييارلانغان پولات چىۋىقلار بىلەن دەريا
ئىچىدىكى تاشلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سۈزۈك قاشتېشىنى
تاپماقچى، ئۇنى پۇلغا ئايرىۋاشلاپ،
باي بولۇشماقچى ئىدى. ئۇلار دەرياغا
قاراپ قەدەم باستى.

— توختاڭلار! - بۇ ئۇلارنىڭ ئىچى-
دىكى بىرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئىككىسى
چۆچۈپ توختاپ قىلىشتى. - ھەر قانداق
ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى پىر - ئەۋليا-
لاردىن مەدەت تىلىمەك ۋاجىپ. بىز
قاشتېشى چىلىقنىڭ پىرى كىم ئىكەنلىكىنى
بىلمەيمىز. لېكىن مەن ئىلگەرگە شاھ
ئابدۇرىشىتخاننى پىر تۇتۇپ مەدەت تىلەش-
نى تەكلىپ قىلىمەن، قېنى، تىزلىنىڭلار...

دەريا قىرغىقىنى تەئەججۇپ قاپلىدى.
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چاقچاق قىلىۋاتقان-
لىقىنى ياكى جىددىي سۆزلەۋاتقانلىقىنى
بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ تاشلىق قىرغاققا
زاھىدلارچە يۈكۈندى. يەنە ئىككىسى ھەي-
رانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتى.

— شاھ ئابدۇرىشىتخاننىڭ نېمە ئىشى
بار بۇ يەردە؟ ياكى ئۇمۇ پىر - ئەۋليا-
مىدى؟ - سوئال قويدى تەئەججۇپكە

چۆككەنلەرنىڭ بىرى.

— ياق، ئۇ پىر- ئەۋلىيا ئەمەس. «سەئەدىيە خانلىقىنىڭ شۆھرەتلىك سۇلتانلىرىدىن بىرى. ئۇ بۇنىڭدىن تۆت يۈز يىللار ئىلگىرى، ئاتلىق مۇلازىملىرىنى باشلاپ، ئاجايىپ چوڭ قاشتېشىنى كۆرۈش ئۈچۈن، يۇرۇڭقاشنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا — مانا شۇ بىز تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يۇقىرىسىغا چىققان. قايتىش يولىدا تۇيۇقسىز كېسەل تېگىپ، ھېلى بىز ئۆتكەن جامادار دېگەن جايدا قازا قىلغان. ئۇنىڭ شۇ قېتىم ئاشۇ ئاجايىپ چوڭ قاشتېشىنى كۆرگەنلىكى شەكسىز... بىزگىمۇ ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس. كېلىڭلار، بىز شاھ ئابدۇرىشىتخاننىڭ روھىدىن، ئاشۇ ئاجايىپ چوڭ قاشتېشىدىن مەدەت تىلەيلى:

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن - ھە؟

— ياق، چاقچاق قىلمىدىم. بىز ئۆمرىمىزدە بىرلا قېتىم — بەلكىم بۇ ئۈنجى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم بولار — ئىلاھىي كۈچتىن مەدەت تىلەپ كۆرەيلى، بىلمەيمەن، سىلەرمۇ ئىشەنمەيسىلەر، لېكىن، پەقەت بىرلا قېتىم ...

ئۇنىڭ قوللىرى دۇئاغا كۆتۈرۈلدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. قاراپ تۇرغان ئىككۆيلەننىڭ قەلبى بىردىن جۇغۇلداپ كەتكەندەك بولدى. يۈرەكلەر لەرزىگە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز دۇئاغا كۆتۈرۈلدى. دۇئا خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئانا دەريانىڭ ئۈستىنى ئېغىر سۈكۈنات باسقاندەك تۇيۇلاتتى... بىر ھازادىن كېيىن تىزلانغان كىشى ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا دەرياغا قاراپ ماڭدى، چوڭ - كىچىك قورام تاشلار، دەريا ساھىلىنى بويلاپ، خۇددى كۆزلەكتىكى قوغۇن - تاۋۇزلاردەك چېچىلىپ يېتىشاتتى. ئاشۇلارنىڭ قايسىسى قاشتېشى؟ قايسى تاشنىڭ ئاستىدا قاشتېشى بېسىلىپ قالغاندۇ؟ مۇشۇ بىچارىلارغا ئامەت نېسىپ بولارمۇ؟... ئۇلار جىمىمدە ئىلگىرىلەيتتى، لېكىن قەلبى تىنچ ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردە ئۈمىد غەلىيان كۆتەرمەكتە، ھاياجان قوزغىماقتا، دەرياغا، تەقدىرگە خىتاب قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى بوش تىترەيتتى. لېكىن بۇ سوغۇق تاڭ شامىلىنىڭ تەسىرىدىن ئەمەس ئىدى. جىمجىتلىق خېلى ئۇزۇندىن كېيىن بۇزۇلدى.

— ھېلىقى دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟

— قايسىسىنى دەيسەن؟

— شاھ ئابدۇرىشىتخان توغرىسىدىكى گەپلىرىڭچۇ؟

— راست، كىتابتا شۇنداق يېزىلغان. ئابدۇرىشىتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىنى يەكەنگە يۆتكەپ، «ئالتۇنلۇق» قا دەپنە قىلغان. ئۇ نەپەس ئۈزگەن چاي — جامادارىمۇ قەبرە - گۈمبەز تۇرغۇزۇلغان. لېكىن ئۇ قەبرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيدۇ. يىللار، ئەسىرلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۇنى بۇزۇپ تاشلىغان...

— ئاجايىپ چوڭ قاشتېشىچۇ؟

— ئۇنىڭ تەقدىرى تازا ئېنىق ئەمەس. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى مانجۇ خانلىرى كېيىنكى چاغلاردا يۆتكەپ كەتكەنمىش. بېيجىڭ مۇزېيىدىكى «ئۇلۇغ يۈينىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» دېگەن ھەيكەل ئاشۇ قاشتېشىدىن ئويۇلغانىمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ گەپ راست ئەمەسمىش. ئەگەر ئاشۇنداق بولسا، بىرەر تاش - تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتـ

قان بولسا، بەلكىم بۈگۈن بىزگە ئۇچراپ قالار...

— جاۋاب بەرگۈچى تاتلىقىنا كۈلۈمسىرىدى، ئاڭلىغۇچىلارمۇ كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار گەپنىڭ ئەندى چاقچاققا بۇرالغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

— ئەگەر بىزگە ئۇچراپ قالسا قانداق ئەكىتەرمىز ـ ھە؟

— ماشىنا بىلەن يۆتكەيمىز.

— دەرياغا ماشىنا چۈشەلەرمۇ؟

— ماشىنا چۈشەلمىسە، تىك ئۇچار ئايروپىلان ياللايمىز...

— ھا، ھا، ھا...

شۇنداق قىلىپ، ئامەت ئىزدەشكە ئاتلانغان بۇ تەجرىبىسىز سەييادلارنىڭ تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

2

بۇ ئۈچ تەۋەككۈلچى، شەھەردىن خېلىلا يىراقتىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلىرى — تارىخچى قاھار، ئەدەبىياتچى سابىر، فىزىك تۇرسۇنلار ئىدى. دەرستىن چۈشكەندە بىللە شاھمات ئوينايدىغان، شەنبەكەچلىكلىرى بىر بوتۇلكا «ئىلى دەرياسى» نى بىللە ئىچىدىغان، مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى خەۋەرلەرنى بىللە مۇھاكىمە قىلىپ، بىللە غەيۋەت قىلىشىدىغان بۇ ئۈچ ئاغىنە قاشتېشى ئىزدەشكىمۇ بىللە چىقىشتى. ئوقۇتقۇچىي ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك يارىشارمۇ؟

— بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرغۇدەك ھېچقانچە تارىخ يوق. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھايات يولى بىر تال تۈز سىزىقتىلا ئوخشايدۇ. دەرسخانا بىلەن ئائىلە، دەرسلىك كىتاب بىلەن تاپشۇرۇق دەپتەر تۈز سىزىق ئارقىلىق تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلەپچان قاراشلىرى بىلەن گۆدەكلەرنىڭ غۇبارسىز كۆز نۇرلىرى، دەرس مۇنبىرىگە قەدەم باسقان ئاشۇ ھاياجانلىق دەسلەپكى چاغلار بىلەن ئوتتۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈنمۇ تۈز سىزىق ئارقىلىق تۇتۇشىدۇ. سىرتتىن قارىغان ئادەمگە بۇ تۈز سىزىقلار تولىمۇ قىسقىدەك، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قىسقىراپ نۇقتا ـ چېكىتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. رەڭسىز، زېرىكەتلىك ئاشۇ تۈز سىزىققا نېمىمۇ سىغىدۇ دەيسىز؟ ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان، ھېچقانچە ئۆزگىچىلىكى يوق تۈز سىزىقنىڭ ئۆزى شۇ.

ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ـ شادلىقىمۇ، دەرد ـ ئەلەم، ھەسرىتىمۇ تۈز سىزىققا ئوخشايتتى. خۇشاللىق ـ شادلىقى بىردەمدىلا بەرھەم تاپقىنىغا ئوخشاش دەرد ـ ئەلەم، ھەسرىتىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئىچىدە بىردەمدىلا ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. مەكتەپ ھاياتى ئۆزىنىڭ نامەلۇم ھېھرى كۈچى بىلەن ئۇلارنى دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە بوغۇلۇپ يۈرۈشكە يول قويمايتتى. يېڭى ـ يېڭى كۈلكە ـ شادلىقلار، يېڭى ـ يېڭى ئۈمىد ـ ئىستەكلەر خۇددى كۈچلۈك دولقۇنغا ئوخشاش ھايات ئېقىنىغا سۆرەپ كىرىپ كېتەتتى.

ئۇلارنىڭ ھاياتىدا پەقەت ئۈمىد ـ ئىستەكلا ئۇزۇن تۈز سىزىق ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسىمۇ ئوخشاشلا خىزمەتكە چىققان بىرىنچى ئايدىن باشلاپلا نېمە سەۋەبتىندۇر ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشىنى ئۈمىد قىلدى. ياخشىراق ياشاشنى، ياخشىراق كىيىنىشنى، ياخشىراق يېيىشنى ئىستىدى. بۇ ئۇلارنىڭ تارتىۋاتـ

قان مۇشەققىتی، سۇمۇرۇۋاتـقان بۇر تو-
زىڭی ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچقانچە يۇقىرى
تەلەپ ئەمەس ئىدی. ۋاھالەنكی ئۇزاق
ئون بەش يىل ئۆتكەندىلا ئاشۇ ئۈمىدلىری
غىلپال نۇرلىنىپ، ماتاشلىری بىر دەرىجە
ئۆستی. لېكىن ئىستەكلىری يەنىلا قانا-
ئەت تاپمىدی. يەنە ئۈمىد قىلىشتی. يەنە
ئۆستی، ئارقىمۇ- ئارقا ئۆستی. ئاخىر-
دا «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچی»
ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بىراقلا
سەكرەپ ھاكىمنىڭ ماتاشی بىلەن تەڭ-
لەشتی، لېكىن ئىستەكلىری يەنىلا قانا-
ئەت تاپمىدی. شۇنچىۋالا شۈكری - قا-
نائەتسىز ئادەملەرمۇ بۇ؟

ماتاشلىری ئۆسۈشنىڭغۇ ئۆستی. دېھقان-
چىلىق قىلىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىری،
ئەل - ئاغىنىلىری ئاڭلىسا ھەيران قال-
غۇدەك دەرىجىدە ئۆستی. لېكىن بالا -چا-
قىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىری يەنىلا پۇ-
تۇنلەنمىدی، يەنىلا شەنبە كەچتە ئۇلپەت-
لىشىپ ئىچىدىغان بىر بوتۇلكا ھاراق
ئۈچۈن خانىم بىلەن غىڭشىلىشقا توغرا
كېلەتتی. يانچۇقتىكی تەڭگە ئېشىپ تۇر-
مايتتی، تېلېۋىزور ئۈمىد قىلىشتی، رەڭ-
لىكنی ئالدی، لېكىن رەڭلىكنی ئالالمى-
دی، باشقىلار توڭلاتقۇ ئالدی، لېكىن ئۇ-
لار ئالالمىدی. باشقىلار يېڭی ئۆي جا-
ھازلىری سېتىۋالدی، لېكىن ئۇلار ئالال-
مىدی، باشقىلار موتۇ، ماشىنا ئالدی، ئۇ-
لار يەنىلا ئەسكی ۋېلىسىپىتتە قالدی...
ئۇلار ئاشۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىشنی ئۈمىد
قىلاتتی، لېكىن نېمىشقىدۇر ھاكىمنىڭ
ماتاشىغا تەڭ كېلىدىغان ئاشۇ ماتاش
يېتىشمەيتتی. شۇنچە پۇل ئىش، ھەققی
ئالسۇن؛ يەنىلا يەتمىدی دېسە، پۇل
نەگە كەتتی؟ قالماق بولاپ كەتتىمۇ-يا؟

ئىككی تىيىنلىق سەرەڭگە ئون تىيىنغا،
ئەللىك پۇڭلۇق بىر خالتا پاراشوك سو-
پۇن ئىككی سومغا، يەتمىش تىيىنلىق بىر
جىڭ گۆش بەش سومغا چىققتی. بۇ -جا-
ۋاب بولالامدۇ؟ ئۇنداقتا خېلىلا تۆۋەن
ماتاش ئالىدىغان يېزا باشلىقی قانداقچە
توڭلاتقۇ ئالالايدۇ؟ رەڭلىك تېلېۋىزور
ئالالايدۇ؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىكی
پۇلنىڭ قىممىتی ئوخشاش بولماي قال-
دی. باجگىر ئۈچۈن بىر جىڭ گۆش ئىك-
كی سوم. يېزا باشلىقىنىڭ ئون سوم پۇ-
لىغا پۈتۈن بىر قوي كېلىدۇ. بازار باش-
قۇرغۇچی پۈتۈنسۇرۇك بىر سەكۇ ياغىچنی
ئون بەش سومغا ئالالايدۇ، لېكىن مۇئەل-
لىمنىڭ ئون بەش سوم پۇلىغا ھېچنېمە
كەلمەيدۇ...

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈمىد - ئىس-
تەكلىری پايانسىز تۈز سىزىقتەك سوزۇ-
لۇپ كېتىۋەردی. ئۇلار يەنىلا ئۈمىد قى-
لاتتی، يانچۇقىدا پۇلنىڭ ئېشىپ - تې-
شىپ تۇرۇشىنی، يېڭىچە تۇرمۇش باشلاش-
نی ئۈمىد قىلاتتی.

ئۆتكەن يىل كۈزدىن باشلاپ قاھار
مۇئەللىم نېمىشقىدۇ پات - پات قاشتې-
شىنىڭ كېپىنی قىلىدىغان بولۇپ قالدی.
ئۇ نەلەردىندۇر ئاڭلاپ كەلگەن پالانچىغا
يۇرۇڭقاشتىن ئاجايىپ چوڭ قاشتېشی
ئۇچرىغانمىش، پوكۇنچی بىر كىلو گرام
قاشتېشىنی يەتتە مىڭ سومغا ساتقانمىش،
قاشتېشىنىڭ باھاسی ئۆرلەپ كەتكەنمىش،
مىڭلىغان ئادەملەر يۇرۇڭقاشتا قاشتېشی
ئىزدەپ يۈرەرمىش... دېگەندەك خەۋەر-
لەرنی ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرەتتی.
شاھمات ئويناۋېتىپمۇ سۆزلەيتتی، ھاراق
سورۇنىدىمۇ سۆزلەيتتی. ئىشخانىدىمۇ،
ئۆيدىمۇ سۆزلەيتتی. ھەتتا ئۇ ئايالی ۋە

قىزلىرىغا «يۇرۇڭقاشتىن قاشتېشى سۇ-
زۇپ يۇز مىڭ سومغا ساتىمەن ۋە دەر-
ھال «خانتاجى» ماركىلىق پابىدا سې-
تىۋالىمەن» دەپ چاقچاقمۇ قىلدى. قا-
رىغاندا ئۇ قاشتېشىدىن باشقا ھېچنېمىنى
ئويلىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. تېز ئارى-
دىلا ئۇنىڭ «قاشتېشى سەۋداسى» دېگەن
نامى چىقتى. بەزى ھەزىلكەشلەر ئۇنى
نەدە كۆرسە «قانداق، قاشتېشى توغرى-
سىدا نېمە يېڭىلىقلار بار» دەپ سوراپ
قوياتتى. ئاۋازىدا روشەن چاقچاق، زاڭ-
لىق پۇرىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن قا-
ھار مۇئەللىمنىڭ بۇنداق شاڭخولاردىن
پەرۋايى پەلەك ئىدى. يەنىلا ئۆزىنىڭ
قاشتېشى توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرۈۋېرەت-
تى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئۇ
ئاغىنىلىرى سابىر ۋە تۇرسۇن مۇئەللىم-
لەرنى شەھەرگە، چوڭ جامەنىڭ يېنى-
دىكى قاشتېشى بازىرىغا سۆرەپ كەلدى.
ۋاراڭ – چۇرۇڭلۇق بازار ۋە ئاجايىپ
يۇقىرى باھالىق سودىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ
نىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. كىچىككىنە،
مۇشتۇمدەك كېلىدىغان بىر پارچە قاش-
تېشىنىڭ باھاسى ئۇلارنىڭ بىر ئايلىق
مائاشىنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە توغرا كې-
لەتتى. قاقتەك كېلىدىغان بىر تال قاش-
تېشى پىر بوتۇلكا ھاراقتىنمۇ قىممەت
ئىدى... ئۇلار ئاشۇ بازارنى چۆگىلەپ
يۈرۈپ، قاشتېشىغا شېكەر چۈشكەندەك،
جاھان بازارلىرىدا قاشتېشى مۇدىغا
ئايلانغاندەك، قاشتېشىدىن باشقا ھېچنېمە
پۇلغا يارىمايدىغاندەك ھېس قىلىشتى.
كۆڭۈللىرىدە «ئەگەر بىزدىمۇ مۇشتۇم-
چىلىك كېلىدىغان بىر پارچە قاشتېشى
بولغان بولسا...» دېگەن كىچىككىنە بىر
ئۈمىد چوغدەك يالىلداپ يېنىپتى. لېكىن ئۇ-
لاردا قاشتېشى يوق ئىدى. پەقەت قاش-
تېشى تېپىۋېلىش ئۈمىدىلا بار ئىدى. ئۇنى
نەدىن تاپقۇلۇق؟ قاشتېشى نەدىن ئۈچ-
رىشى مۇمكىن؟ – ئۇ ئانا دەريا يۇرۇڭ-
قاشتا بار. ئۇ ئاشۇ ئېقىندا تاش ۋە قۇم-
لارنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ ياتىدۇ. پەقەت
تونىيالىساڭلا ساڭا ئۇچرىشى مۇمكىن...
راستىنى ئېيتقاندا قاشتېشىنى تونۇشنىڭ
ئۆزىمۇ بىر گەپ ئىدى. «گۆھەر ياتىدۇ
سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەنلى-
رى راست. يۇرۇڭقاشنى كېزىپ يۈرگەن
بىلەن ئۇنى تونۇيالمىساڭ بەرىبىر ئۇ-
نىڭغا ئېرىشەلمەيسەن. شۇ كۈنى ئۇلار
يەنە قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىسى-
نىڭ ئەۋرىشكىلەر زالىنى ئېكىسكۇرسىيە
قىلدى. بۇ ھەم ئەۋرىشكىلەرنى كۆرگەزمە
قىلىدىغان ھەم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن
قاشتېشى بۇيۇملارنى ساتىدىغان ئورۇن
ئىدى. ۋالىلداپ چاقناپ تۇرغان قاشتې-
شى بۇيۇملارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئېغىز-
لىرى يەنە بىر قېتىم ھاڭدەك ئېچىلىپ
قالدى. ھەر بىر بۇيۇمنىڭ باھاسىنى كۆر-
گەندە بولسا يەنىمۇ بەكرەك ھەيران قې-
لىشتى. كىچىككىنە بىر تال مېدالىيونىنىڭ
باھاسىلا نەچچە يۈز يۈەن ئىدى. ئۇلار
قاشتېشى ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇ-
زۇنغىچە توختاپ، ئاق، يېشىل، سايۇ-
رەڭ، سېرىق قاشتېشىلىرىنى كۆزەتتى،
پىششىق تونۇشتى. شۇنداق قىلغاندىلا،
قاشتېشى ئۇچراپ قالغاندا، ئۇنى تونۇ-
ماي ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولات-
تى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇشتى،
قاشتېشىنىڭ رەڭگىنى كۆزلىرىگە سىڭدۈ-
رۈشتى، ئالاھىدىلىكلىرىنى يادىدا تۇ-
تۇۋېلىشتى... ئۇلار ئەمدى يۇرۇڭقاشقا
قەدەم باسسا، قاشتېشىنى تونۇۋالالايتتى.

لېكىن ئۇلار تېخى قاشتېشى ئىزدەشكە
چىقىش ـ چىقماسلىق، توغرىسىدا ھېچنېمە
دېيىشمىگەنىدى. قاھار مۇئەللىمنىڭ
گەپ ـ سۆزلىرىدىن، ئۇلار ئىككىسىنى
مۇشۇ يەرلەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىدىن
قارىغاندا، ئۇ،راستىنلا ئاشۇ تەۋەككۇل-
چىلىققا بەل باغلىغاندەك كۆرۈنەتتى.
ئۇلار ئىككىسىچۇ؟ قاھار مۇئەللىم ئۆزى
ئاتلانسىلا ئۇلارنىڭمۇ ئەگىشىدىغانلىقىنى
بىلەتتى. دوستلار ئارىسىدا باشلىق يوق.
لېكىن سەركە بار. سەركە نەگە ماڭسا
باشقىلىرى ئەگىشىۋېرىدۇ. دوستلۇق دې-
گەن ئەنە شۇ، قاھار مۇئەللىم ئەنە شۇن-
داق ئويلايتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ قاشتې-
شى بازىرى ۋە قاشتېشى ئەۋرىشكىلىرى
زالىنى كۆرۈپ «بۇ بىر قىتىم تەۋەككۇل
قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان ئوقەت ئى-
كەن» دېگەن تەسىراتقا كېلىشكەنلىرى-
نىمۇ ھېس قىلدى. شۇڭىمۇ
قاھار مۇئەللىم شۇ كۈنى ئۇلارنى بازار-
دىن ئۇدۇللا يۇرۇڭقاشقا باشلاپ چىقتى.
شەھەر بىلەن دەريانىڭ ئارىلىقى يىراق
ئەمەس ئىدى. دەريادا يازنىڭ قارا كەل-
كۈنى دولقۇنلاپ ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ تۇ-
راتتى. ئۇلار يۇرۇڭقاشنىڭ ھەيۋەتلىك كۆۋ-
رۈكى ئۈستىدە تۇرۇپ، دەريانىڭ قىرغاق-
لىرىدا، دولقۇن تاش-تاشلاپ ئۆتكەن كې-
چىك ئاراللاردا يېگىنە ئىزدىگەندەك تىمىس-
قىلاپ، تاشلارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، مۇز-
دەك سۇغا قولىنى تىقىپ قاشتېشى ئىزدەپ
يۈرگەنلەرنى كۆرۈشتى. قاچاندۇر بىر زا-
مانلاردا ئېقىن ئېقىپ، كېيىن تاشلار دۆ-
ۋىلىنىپ سايغا ئايلىنىپ كەتكەن كونا ئې-
قىنلاردا گۈرجەك، جوتۇلار بىلەن تاشلىقى-
نى ئاغدۇرۇۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى-
ڭ ھەممىسى بىرلا نەرسىنى ـ قاشتېشىنى

ئىزدەيتتى. قەلبىدە كونا بىر ناخشا كې-
زەتتى، ئۈمىد ـ ئىستەكنىڭ ئۇنسىز نىدا-
سى، دەريانىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ ياڭ-
رايتتى... ئۈچ مۇئەللىم كۆۋرۈكتىن چۈ-
شۈپ، كونا ئېقىننى ئاغدۇرۇۋاتقانلارنىڭ بى-
رىگە يېقىنلاشتى. ئەللىك ياشلاردىن ھال-
قىغان، چىراي كۆيۈپ مىستەك قىزارغان
چاڭگا ساقال دېھقاننىڭ كۆزلىرىدىن
نېمىنىدۇر خىجىل بولغاندەك، نېمىنىدۇر تار-
تىنغاندەك ئىپادىلەر پىلىلداپتتى.
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
ـ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام!
ـ قاشتېشى ئىزدەۋاتامسىلا؟
ـ خۇدا بۇيرۇسا، رىسقىمىز بولسا...
دېھقاننىڭ قىسقىغىنا جاۋابى ئىچىگە ئۇ-
نىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى، رەنجى ـ كۈل-
پەتلىرى، ئۈمىد ـ ئىستەكلىرى مۇجەس-
سەم ئىدى. توپا ـ چاڭ قونغان، لاي ئا-
رىلاش تەر سىرغىپ چۈشۈۋاتقان چېھرىدە
خىجىللىقتىن پىلىلدىغان كۆز، بوغۇق ۋە
تارتىنچاق ئاۋاز ئاشۇ قىسقا جاۋابقا ئې-
زاھات بېرىپ تۇراتتى، ئۈچ مۇئەللىم بۇ-
لارنى ئېنىق چۈشەندى.
ـ ئىزدەۋاتقانلىرىغا خېلى ئۇزۇن
بولدىمۇ؟
ـ بۇغداينى ئورۇپ بولۇپلا كەلگەن،
قوناق پىشىپ، كۆزلۈك يىغىم ـ تېرىم باش-
لانغىچە بىكار قالدۇق. شۇڭا...
ـ قۇرۇق قول قالمىغانلا؟
ـ خۇداغا شۈكرى، بالىلارنىڭ رىسقى
بار ئىكەن...
دېھقان چىرايىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.
ئۇنىڭ قىسقا جاۋابلىرى تاپقان غەنىمەت-
لىرى توغرىسىدا سۆزلىگۈسى يوقلۇقىدىن
دالالەت بېرەتتى. قاھار مۇئەللىم ئۇنىڭ-
غا تاماكا تۇتتى. سەرەڭگە چېقىپ تاماكى-

سىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى. دېھقان تاما-
كىنى ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ
بارمىقىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ، مۇشتۇمىنى
تۈگدى. باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ
بارماق تۇتاشقان يەردە كىچىككىنە تۆشۈك
ھاسىل بولدى. ئۇ ئاغزىنى ئاشۇ تۆشۈك-
كە چىڭ يېقىپ، كۈچەپ شورىدى. تاماكىنىڭ
ئۇچىدىكى ئوت قىپ-قىزىرىپ چوغلاندى.
ئۇ خۇددى كىچىككىنە چىلىمنى كۈچەپ
شوراۋاتقانغا ئوخشايتتى. ئاشۇنداق كۈ-
چەپ شورىمىسا خۇمارى بېسىلمايدىغان-
دەك، ئاشۇ كۆكۈش ئىسقا قانمايدىغاندەك
كۆرۈنەتتى. ئىككى قېتىم شوراش بىلەنلا
تاماكا يېرىمىلىشىپ قالدى. ئۇ يەنە بىر
قېتىم شوراپ، تاماكىنىڭ ئوتىنى بارماق-
لىرى بىلەن ئېزىپ ئۆچۈردى-دە، بىر تال
تاشنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ قويدى.
ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن «ئەمدى بۇنى
بىردەمدىن كېيىن چېكەي» دېگەن مەنا
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ تاماكىنى تاش ئۈس-
تىگە قويۇپ، بېلىنى رۇسلىدى-دە، مۇئەل-
لىملەرگە قاراپ خېجىللىق ئارىلاش كۈ-
لۈمسىرەپ قويدى. مۇئەللىملەر ئۇنىڭدىن
كۈچىلاپ گەپ سوراۋېرىشكە تارتىنىپ
قالغانىدى. خۇمارى بېسىلغان دېھقان
ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئاچتى.
— ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ
ئولتۇرساق بولمايدىكەن. دېھقانچىلىقنىڭ
ئارىسالدى چاغلىرىدا ئانچە-مۇنچە بىر
ئىش قىلمىساق، باللارنىڭ كىيىم-كې-
چىكى، ئۆينىڭ كەم-كوتىسى پۈتۈنلەنمەي-
دىكەن. ئالدىنقى يىللىرى خۇمداندا ئىش-
لىگەنىدىم. بۇ يىل ئۇ يەرگىمۇ ئادەم
توشۇپ كېتىپتۇ. «قىزىق دەرۋازىسى»-
دىكى مەدىكار بازىرىغا كېلىپ ئۈچ-تۆت
كۈن ئولتۇرۇپ باقتىم. يېشىمنى چوڭ كۆ-
رۈشتىمۇ ياكى ساقاللىرىمدىن قورقتىمى-
كىن، مېنى ھېچكىم ياللىمىدى. ئاخىرى
باشقىلارغا ئەگىشىپ، «خۇدا رىسقىمنى
بىر يەرگە چاچقاندۇر» دەپ مۇشۇ دەرياغا
چۈشتۇم. كۆرۈپ تۇرۇشۇپلا، قاشتېشى ئىز-
دەۋاتقان ئادەم شۇنچە كۆپ، لېكىن دەر-
يامۇ كەڭ، ھەممىگە يېتىدۇ. مۇشۇ يەردە
تىمىسقىلاپ يۈرگىنىمگە بىر ئايدىن ئاش-
تى. ھەر قايسىلىرىدىن يوشۇرمايمەن.
ئۆيگە ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىمۇ ماڭ-
دۇردۇم. خۇدا ئامان قىلسا باللارنىڭ
قىشلىق كىيىم-كېچىكى ئۈچۈن، ئۆينىڭ
كەم-كوتىسى ئۈچۈن يېتىدۇ... دەسلەپ-
تە تاشلىقلاردا يورغىلاپ، سۇ ئىچىگە قول
تىقىپ ئىزدىدىم. ئامىتىڭ بولسىلا بۇنىڭ-
دىمۇ قۇرۇق قول قالمايدىكەنسەن. كېيىن
تىمىسقىلاپ ئامەت ئىزدەيدىغانلار كۆپى-
يىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمگىكىمگە تايان-
ماقچى بولدۇم. مېنى قېرى كۆرۈشمىسىلە،
پۇت-قولۇمدا تېخى خېلى ماغدۇرۇم بار.
مانا يىگىرمە كۈندىن بېرى دەريانى قېزىۋاتى-
مەن. خۇدا بۇ يەردىمۇ رىسقىسىز قويمىدى...
— خېلى بىر نەرسە تاپقان ئوخشىمامىلا؟
دېھقان ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى.
— رىسقىنىڭ ئېشىكەن غوجىلىرىم،
ماڭىمۇ رىسقىمغا چۈشلۈق بەردى، باشقى-
لارغىمۇ بەردى...
— باشقىلارغىمۇ بەردى دېدىڭىزمۇ؟ بۇ...
— ھەئە، باشقىلارغىمۇ بەردى. كۆرۈ-
شۈپ تۇرۇپلا، يىگىرمە كۈندىن بېرى مۇ-
شۇ يەرنى قېزىۋاتىمەن، قېزىپ ئۆتكەن
يېرىم بىر ئۈستەڭگە ئايلاندى. مۇشۇ يەر-
لەرنىڭ ھەممىسىنى مەن قېزىپ چىقتىم...
ئۈلۈشكۈن بىر قېرى ئايال، قىرغاقتىكى
ئاشۇ مەھەللىلىك ئايال ئىكەن، — دېھقان
قىرغاق تەرەپنى قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ

تى.ـ بىر پۇلۇق شاپتۇلنى مۇشۇ يەرگە
ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ شاپتۇلنى بىزگە، بىز
قاشتېشى ئىزدەۋاتقانلارغا سېتىپ پۇل قىلـ
ماقچى ئىكەن، ئۇ مانا شۇ ئۆزلىرى تۇرـ
غان يەردە ئولتۇردى. مەن دەرياغا قاراپ
شاپتۇل! شاپتۇل كەپتۇ! دەپ ۋارقىرىدىم.
ئەتراپتا قاشتېشى قېزىۋاتقان كىشىلەرـ
نىڭ ھەممىسى كېلىشتى. شاپتۇلنى يېيىشـ
تۇق. ئەرزان، بىر پۇلۇق شاپتۇل بەش
سومچە پۇل بولغاندۇ، شاپتۇلنى يەپ بوـ
لۇپ، پۇلنى تۆلەپ ھەممەيلەن ئۆز ئىشىـ
غا مېڭىشتى. مەنمۇ ئىشىمغا تۇتۇندۇم...
قېرى ئايال شاپتۇل ساتقان پۇلنى ياغـ
لىقىنىڭ ئۇچىغا تۈگۈپ، شۇپۇكلارنىڭ
ئارىسىدىن شاپتۇل ئۇچكىلىرىنى خىللاپ
سېۋىتىگە سېلىپ قالدى. تۇيۇقسىز ئۇـ
نىڭ «قاشتېشى، مەن قاشتېشى تېپىۋالـ
دىم!...» دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭـ
لاندى. مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.
ئۆز ئىشىغا كېتىۋاتقانلارمۇ توختاپ ئارـ
قىغا بۇرۇلۇشتى. ئايالنىڭ تىترەپ تۇرـ
غان قوللىرىدا يوغان، ئاپئاق بىر پارچە
قاشتېشى تۇراتتى. ھەممىمىز كېلىپ قاشـ
تېشنى قوللىرىمىزغا ئېلىپ كۆردۇق.
راستىنلا قاشتېشى، بىرىنچى دەرىجىگە ئۆـ
تىدىغان ئاق قاشتېشى ئىدى. شۇ چاغنىڭ
ئۆزىدىلا نەلەردىندۇر قاشتېشى ئېلىپ ساـ
تىدىغانلارمۇ پەيدا بولۇشتى. نەقمەيدانـ
دىلا ئالتە مىڭ يۈەن باھا قويۇلدى. ئاـ
يال ئالتە مىڭ يۈەننى سانىمايلا پۇلۇقغا
سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى
تىترەيتتى، نۇرسىز كۆزلىرى پىلىلدايتـ
تى... كۆرۈپ تۇرۇشۇپلا، بۇ مەن قېزىپ
ئۆتكەن جايغۇ. مۇشۇ يەردىكى ھەر بىر
تاشنى بىر ـ بىرلەپ قولۇمغا ئېلىپ كۆرـ
گەنمەن، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ تاشلىۋەتكەنـ

مەن. قانداقچە ماڭا ئۇچرىماي قالدى؟!
ئەمدى بۇ مەن قازغان جايدىن چىققان
قاشتېشى دېگەنلىك بولامدۇ؟ دەريا ھەممىنىڭ
قاشتېشى ئىزدەش ـــ رىسقىنىڭ ئىشىكەن
دېگىنىم شۇ. خۇدا ئاشۇ ئالتە مىڭ يۈەنـ
لىك قاشتېشىنى ماڭا نېسىپ قىلماپتۇ، مېـ
نىڭ كۆزۈمگە كۆرسەتمەپتۇ. ئۇ، ئاشۇ قېـ
رىپ ھالىدىن كەتكەن بىچارە ئايالنىڭ
رىسقىكەن، ئاشۇنداق بولدى. مەن يېـ
گىرمە كۈن تاش قېزىپ ئاران ئۈچ يۈز
سومغا ئىشلىدىم. ئايالنىڭ ئۇلۇغ، سىرـ
لىق رىسقى بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق
مېھنەتسىزلا ئالتە مىڭ سوم نېسىپ قىلـ
دى. رىسقى دېگەن ئەنە شۇ، كەن غوجىلىـ
رىم، رىسقى دېگەننى پەقەت خۇدالا
بېرىدىكەن...

دېھقاننىڭ سۆزلىرىدىن چوڭقۇر بىر
ئېتىقاد، ئۆز قىسمىتىگە بولغان سۇس
بىر خىل ئاغرىنىش سېزىلىپ تۇراتتى.
مۇئەللىملەر دېھقاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭـ
لاپ چوڭقۇر تەئەججۈپكە چۆمۈشتى. ئۇـ
لارنىڭ قەلبىنى رىسقى توغرىسىدىكى سىرـ
لىق قىزىقىش ئىگىلىگەنىدى...

ئاشۇ قېتىمقى كېچىككىنە رازۋېتكىدىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاشۇ رىسقى
توغرىسىدىكى پارلاق ئۈزۈنچە ساقلىـ
نىپ قالدى. ئۇلار ئۆز رىسقىنىڭ نەلەرگە
چېچىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنى نەدىن
ئىزدەپ، نەدىن تېپىۋېلىشنىمۇ بىلمەيتتى.
لېكىن ئاشۇ رىسقىنى ئىزدەپ كۆرۈش ھەـ
ۋىسى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى:
بەلكىم بىزنىڭ رىسقىمىزمۇ قاشتېشى ئارـ
قىلىق ئۆزىنى نامايان قىلار، ئۇ ئەنە شۇ
ئانا دەرياغا چېچىلغاندۇر دېگەن ئوي نېـ
رىپلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز غىدىقلايتتى.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئىكـ

كەلمىنىش ۋە تەييارلىقلاردىن كېيىن ، ئۆز
رىسقەللىرىنى بىر قېتىم ئىزلەپ كۆرۈش
قارارىغا كەلدى. ئادەملەردىن، ئوقۇغۇ-
چىلىرىدىن خېجىل بولۇشقانلىرى تۈپەيلى،
ئۆز رىسقەللىرى چېچىلغان جايىنى دەريا-
نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تاللىۋالدى ۋە
تۈن يېرىمىدىلا يولغا چىقىپ، ھېچكىمنىڭ
كۆزىگە چېلىقماي ، تاڭدىن بۇرۇن دەر-
يا بويىغا يېتىپ چىقىشتى.

3

ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا — بىر
تارام سېزىندى سۇ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان
ئېقىنىنىڭ بويىغا كېلىپ تارقىلىشتى. يىر-
بىرىنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە - سەككىز مې-
تىردەك ئارىلىق قالدۇرۇپ، غاز قانىتىدەك
يېيىلىپ، جەنۇبقا — قارا قۇرۇمغا يۈز-
لىنىپ يۈرۈپ كېتىشتى . ئۇلار ھەر بىر
تاشقا دىققەت بىلەن تىكىلىپ نەزەر سا-
لاتتى. قوللىرىدىكى تۆمۈر پولات چىۋىق-
لارنى ئىشقا سېلىپ، تاشلارنى ئورنىدىن
قومۇراتتى. دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ،
ئارقىدىنلا بېشىنى چايقاپ يۈرۈپ كې-
تەتتى. بەزىدە توختاپ ، زوڭزىيىپ ئول-
تۇرۇپ، ئالىقاندەك بىر تاشنى قولىغا
ئېلىپ، سىيلاپ-سىيپاپ كۆرەتتى. ھېلىقى
چوڭ جامەنىڭ يېنىدىكى قاشتېشى بازى-
رىدا ۋە ئويمىچىلىق كارخانىسىنىڭ ئەۋ-
رىشكىلەر زالىدا كۆرگەن قاشتېشىلىرى
بىلەن قىياسەن سېلىشتۇرۇپ، ئارقىدىن
يەنىلا بېشىنى چايقاپ ئورنىدىن تۇ-
راتتى... يۇرۇڭقاشنىڭ قىنىدا ھەر خىل
شەكىل، ھەر خىل ھەجىم ، ھەر خىل رەڭ-
دىكى تاشلار تولۇپ ياتاتتى. گويا ئال-
لىقانداق بىر غايىۋانە كۈچ دەريا قىنىغا
مىڭ خىل رەڭنى چېچىۋەتكەندەك كۆرۈ-
نەتتى. ئاپئاق، تۈم قارا، كۆپكۆك ،

سۇر، يېشىل، سېرىق، جىگەررەڭ، ناۋات-
رەڭ تاشلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.
ھەممە تاشلار ئوخشاش سىلىق، پارقى-
راق ۋە گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ قاراشتا قاش-
تېشىدەك جىلۋىلىنىپ، يۈرەكلەرنى دۈ-
پۈلدىتىۋېتەتتى. لېكىن قولغا ئالساڭ ئا-
دەتتىكى تاش بولۇپ چىقاتتى... دەريادا
كېچىككىنە ئېقىن ھېلى شەرقىي قىرغاققا،
ھېلى غەربىي قىرغاققا يۈزلىنىپ، يەپەك
تالالىرىدەك تولغىنىپ ئېقىپ تۇراتتى.
بىزنىڭ سەييادلار بىردەمدىلا ئاشۇ زۇم-
رەتتەك سۈزۈك، مۇزدەك سوغۇق سۇدىن
يەتتە - سەككىز قېتىم كېچىپ ئۆتتى.
يېشىل ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ
ئىچىدە ۋاشلار تېخىمۇ گۈزەل، مىڭلاپ
قاشتېشى يالتىراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى.
ئۇلار ئېقىننى بىرىنچى قېتىم كېچىپ ئۆت-
كەندىلا، يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە تۈ-
رۈپ، ئاشۇ گۈزەل تاشلارنى سۈزۈشتى.
بۇدىن چىققان دەسلەپكى مىنۇتتا ئاشۇ
تاشلارنىڭ ئىچ - ئىچىدە قۇياش نۇرى
ئويناۋاتقاندەك، راستىنلا قاشتېشىدەك كۆ-
رۈنەتتى. ۋاقىت سەل ئۆتتۈپ، قۇياش
نۇرىنى جىلۋىلەندۈرگەن سۇلار قۇرۇپ
كەتسە، دۇغلىشىپ قالاتتى. قاشتېشى ئە-
مەسلىكى مەلۇم بولۇپ ، تاشلىۋېتىشكە
توغرا كېلەتتى. ئۇلار ئېقىننى ھەر قې-
تىم كېچىپ ئۆتكەندە، ئۇزۇنغىچە تاش
سۈزۈشتى. پۇتلىرى توڭلاپ، قوللىرى
قىزىرىپ، قولاشمىغۇدەك دەرىجىدە مۇزلاپ
كەتكەندىلا ، ئاندىن بولدى قىلاتتى — ئې-
قىندىن چىقىپ، كەشلىرىنى يايپا قىسىزلاپ پۇت-
لىرىغا سېپىپ يۈرۈپ كېتىشەتتى. ئۈچلۈق،
قىرلىق تاشلار پۇتلىرىنى ئاغرىتاتتى. ئې-
قىنغا — تۆۋەنگە ئېگىلگەن بويۇنلىرى
تالاتتى، لېكىن ئۇلار توختىمايتتى. مۇشۇ

دەرياغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان رىسقى — ئاللىقانداق بىر ئۈممىد ئۇلارنى توختاۋسىز ئالغا سۆرەپ باراتتى...

غاز قانىتىدەك يېيىلغان سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاۋايلاپ دەسسەپ قاھار مۇئەللىم كېلەتتى. ئېگىز بويى، قاپقارا چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىمۇ چوڭ ئىدى. لېكىن مۇنداقلا قاراشتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئانچە چوڭ كۆرۈنمەيتتى. دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تەتقىق قىلساڭ، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىنىڭ كىچىك كۆرۈنىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن كۆزلىرى چوڭ كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتىڭ. لېكىن ئۇنىڭ ئېقى چوڭ، قارىسى كىچىك كۆزلىرى ئەللىك ياشتىن ھالقىغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياخشى كۆرەتتى. كۆزەينەك تاقىمايمۇ بىمالال كىتاب ئوقۇيالايتتى. ئۇ ھازىر ئاشۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تاشلارغا تىكىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاشتېشى ئىزلەپ كېلەتتى. ئاۋايلاپ قەدەم بېسىشلىرى ئۇنى باشقىلاردىن سەل ئارقىدا قالدۇرغانىدى. ۋۇجۇدىدىن كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئاۋايلاپ باسقان قەدەملىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى. ئىچىدە بۈگۈن بىرەر چاتاق چىقماسلىقىنى تىلەيتتى. قولىدىكى پولات چېۋىقنى ھاسىدەك تايىنىپ، ھەر بىر تاشنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، تاپىنىنى تۈز يەرگە — سېيرىلمايدىغان، تېيىلمايدىغان تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇشنى ئۇنۇتمايتتى. يىراقلاردا قالغان ياشلىق چاغلىرىنى، سەكرەپ-تاقلاپ يۈرگەن مەزگىللىرىنى ئەسلەپ خۇرسىنىپ قوياتتى. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئاجايىپ ئۇستا ۋاللېبولچى ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز بويىغا يېتەرلىك قاڭقىپ چىقىشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان پارتلاش كۈچى قوشۇلۇپ ئۇنى ۋاللېبول سېتكىسى ئالدىدا پەرۋاز قىلدۇراتتى. ئۇ توپنى يېرىۋەتكۈدەك قاتتىق ئۇراتتى. توپ ئۇرۇشقا قاڭقىغاندا، ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ يۇقىرى قىسمى سېتكىدىن ئېشىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇرغان توپلىرى ئۈچ مېتىرلىق سىزىقنىڭ ئىچىگە دېگۈدەك چۈشەتتى. ھەر قانداق ياخشى مۇداپىئەچىمۇ ئۇنىڭ ئۇرغان توپلىرىنى توسالمايتتى. ئۇ گويا سەكرەپ چىقىپ ھاۋادا توختاپ تۇرغاندەك، نەگە ئۇرۇشنى خالىسا شۇ يەرگە تاللاپ ئۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدا توپ مەستانىلىرىنىڭ ئالقىشلىرى ھەمىشە ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولاتتى. شەھەرنىڭ، ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى ئۇنىڭسىز قوراشتۇرۇلمايتتى. ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ كۆرگەن قايسىدۇر بىر ئۆلكە دەرىجىلىك ۋاللېبول كوماندىسىنىڭ تىرېنېرى ئۇنىڭ توغرىسىدا «سىلەردىمۇ بىر ماھىر بار ئىكەن» دېگەنىدى... مانا شۇ ئەزىمەت كېيىنكى كۈنلەردە نېمە سەۋەبتىندۇر ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بۇنىڭ دوسكا ئالدىدا تالاي يىل سۈمۈرگەن بور توزۇنى سەۋەب بولدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھەر يىلى كەم بولغاندىمۇ بىر-ئىككى قېتىم بالنىستتا يېتىپ چىقاتتى. بالنىستقا كىرگەندىن كېيىنلا ئائىلىنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلىشەتتى. بەش قىزنىڭ ئانىسى قەرز قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئوبدان بېقىشقا باشلايتتى. غازاڭدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پۇللارغا ھەسرەتلىنەت-

تى. لېكىن جېنىدىن ئېزىز كۆرىدىغان ئې‍ـ
رى ئۈچۈن يەنە ھېچنېمىنى ئايىمايتتى.
چۈنكى دوختۇر ئۇلىگەندە «تۇبېركۇليوز دې‍ـ
گەن قانچە ياخشى بېقىلسا، شۇنچە ئاسان
ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېگەنىدى. ھەر
قېتىم بالنىستىن چىققاندا قاھار مۇئەل‍ـ
لىمنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى سوزۇلۇپ،
سەمرىپ چىقاتتى. دوختۇر ئوبدان ئوزۇق‍ـ
لىنىشنى، ياخشى دەم ئېلىشنى، ھاراق
ئىچمەسلىكنى تاپىلاپ ئۇزىتىپ قوياتتى.
لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ نېمىشقىدۇر يە‍ـ
نە ئىچىشكە باشلايتتى. بىر مەزگىل ئىچ‍ـ
مەيدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. لېكىن نە‍ـ
دىندۇر بىر يەردە، كىمنىڭدۇر زورلىشى بى‍ـ
لەن بىر رومكا ئىچىپ سالاتتى ـ دە، كې‍ـ
يىن توختىۋالالمايتتى. دەم ئېلىشنىڭ ئور‍ـ
نىغا شاھمات ئوينايتتى. شاھمات ئوي‍ـ
ناشتەك ئېغىر ئەقلىي پائالىيەتنى ئۇ دەم
ئېلىش دەپ تۇرۇۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ
كېسەل يەنە قوزغىلاتتى. بىر مەزگىل قان
تۈكۈرۈپ، يۆتىلىپ، سۆرۈلۈپ يۈرەتتى‍ـ
دە، يەنە بالنىستتا يېتىشقا مەجبۇر بولات‍ـ
تى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چۈ‍ـ
رۈكلىشىپ، پەي ـ بوغۇملىرى بوشاپ
كەتتى. كىچىككىنە دۇدۇرۇپ كەتسىلا، تې‍ـ
زى شىكەستە يەپ، لېكىن ئورنىدىن قوز‍ـ
غىلىپ كېتىدىغان، سەل ـ پەل ئېگىز ـ پەس
يەرگە دەسسەپ سالسىلا، پۇتى مىتكوت كې‍ـ
تىپ، ھوشۇقى چىقىپ كېتىدىغان، كى‍ـ
چىككىنە ئېغىر نەرسە كۆتەرسىلا بېلى چىم
بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق
چاغلاردا ئۇنىڭ زەخمە يېگەن بوغۇملىرى
ئىششىپ كۆپتەك بولۇپ كېتەتتى. ھەپتە‍ـ
ئون كۈنلەپ ئىشقا چىقالماي، ئۆزى بى‍ـ
لەن ئۆزى شاھمات ئويناپ ياتاتتى. پۇ‍ـ
تىدىكى ئىششىق ياندىلا يەنە ئاۋايلاپ
دەسسەپ مېڭىشقا باشلايتتى. ئۇ لېپىكىن‍ـ
نىڭ نەچچە قېتىم ئاجراپ، ھوشۇقىنىڭ
نەچچە قېتىم مىتكوت كەتكەنلىكىنى ئەس‍ـ
لىيەلمەيتتى. ئۇ ئادەتتە ئايلىنىپ قال‍ـ
غانىدى. پۇتىنىڭ ئاخىرقى قېتىم مىتكوت
كېتىشى بۇنىڭدىن ئۈچ ئايدەك ئىلگىرى
يۈز بەردى. ئاغىنىلەرنىڭ بىرىنىڭ ئوغۇل
ئۆيلەش تويىدا، ئۇلار ئازراقتىن ئىچىش‍ـ
تى. توي ئەمەسمۇ، ئازراق ئىچمىسە توي
قىزىمىدۇ؟ شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ ئازراق
ئىچتى. كەيپ بولۇپ تەمشەلگۈدەك، دەل‍ـ
دەڭشىپ ھەر تەرەپكە دەسسىگۈدەكقۇ ئىچ‍ـ
مىدى. پەقەت سەل قىزىغۇدەك، شوخلىنىپ
چاقچاق قىلغۇدەك، بالىلارغا دېمەيدىغان
لەتىپىلەرنى سۆزلىگۈدەك ئىچتى. بۇ ئۇ‍ـ
نىڭ ھوشۇقىنىڭ مىتكوت كېتىشىگە سەۋەب
بولغۇدەك ئەمەس ئىدى. لېكىن كەچتە قىز
يۆتكەشكە بارغاندا، ئۇ بولكىۋايدىن چۈ‍ـ
شۈپ، پۇتىنى يەرگە قويۇشىغىلا ھوشۇقى
يەنىلا مىتكوت كەتتى. ئۇ «ۋاي!» دەپ
بوش ئىڭرىدى ـ دە، يەرگە ئولتۇرۇپ قال‍ـ
دى. پۇتى چىقىۋەتكەندەك ئاغرىيتتى.
بىر ماشىنىدىكى تونۇش ـ بىلىش ئاغى‍ـ
نىلەر ئۇنى يۆلىدى... شۇ كۈنى ئاشۇ ئا‍ـ
غىنىلەر قىز يۆتكەشنى باشقىلارغا ھاۋالە
قىلىپ، قاھار مۇئەللىمنى يەنە ئاشۇ بول‍ـ
كىۋاي بىلەن ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ھەم‍ـ
مەيلەننىڭ ئېغىزىدا «ئىششىپ كەتمىسە ئو‍ـ
ڭاي ساقىياتتى» دېگەن بىر پىكىر كېزەت‍ـ
تى. قاھار مۇئەللىممۇ شۇنداق ئويدا ئى‍ـ
دى. «ئىسپىرت سۈۋاش كېرەك، ھەم دەر‍ـ
دىنى ئالىدۇ ھەم ئىششىمايدۇ» دېدى تۇر‍ـ
سۇن مۇئەللىم. سابىر مۇئەللىم قۇۋۋەتلى‍ـ
دى. ئىسپىرت ئۆيدە بار ئىدى. چالامەست
تۇرسۇن مۇئەللىم ئىسپىرتنى پىيالىغا تۆ‍ـ
كۈپ، ئۇنىڭغا قولىنى چىلاپ، قاھار مۇ‍ـ

ئەللىمىنىڭ پۇتىغا سۇۋاشقا باشلىدى. ھو-
شۇقمىنىڭ ئەتراپىغا — سونجاقلىرىغا، ئىن-
زەڭگۇلىكىگە، پاچاقلىرىغا، ھەتتا تىزىغىـ
چە سۇۋاپ چىقتى. سۇۋىغاندىمۇ خۇددى
ئىسپىرتقا چىلاپ يۇغاندەك سۇۋىدى. ئىسـ
پىرتنىڭ قاڭسىق ھىدى ئۆينى چىمپ ئالـ
دى. لېكىن ئۇلار ئىسپىرت سۇۋاشنى توخـ
تىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سابىر مۇ-
ئەللىم «ئىسپىرتقا ئوت يېقىپ، كۆيدۇ-
رۇپ تۇرۇپ سۇۋاش كېرەك، ئىسسىق ئۆ-
تۇپ ئوڭاي ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن كىمدۇ بىرى ئىسپىرتقا ئوت
ياقتى. پەيدا لىدىن ئىسسىز كۆكۈش يالقۇن
كۆتۈرۈلدى. تۇرسۇن مۇئەللىم قولىنى كۆ-
كۈش يالقۇننىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئىسپىرت
بىلەن ھۆللىدى — دە، قاھار مۇئەللىمنىڭ
پۇتىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىغا ئە-
گىشىپ كۆكۈش يالقۇنمۇ بىللە كەلدى.
قاھار مۇئەللىمنىڭ پۇتلىرىغا سۇۋالغان
ئىسپىرتمۇ گۇپپىدە ئوت ئالدى. ھايال
ئۆتمەي ئۇنىڭ پۇتلىرى كۆيۈشكە، ئۇ ۋاي-
ۋايلاپ تولغاشقا باشلىدى. مىتكوتنىڭ ئاغـ
رىقى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. چىدامسىز-
لەر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. قا-
ھار مۇئەللىم پۇتلىرىغا ئورانتى. تۇرسۇن
مۇئەللىم، سابىر مۇئەللىملەر مۇئوتنى ئۆ-
رۇپ ئۆچۈرمەكچى بولاتتى. لېكىن قاھار
مۇئەللىمنىڭ پۇتىدىكى ئوت خۇددى بىر
توپ سېرىق ھەرىدەك ئۇنىڭ پۇتلىرىغا
يېپىشىپ كۆيدۈرەتتى. ئۇ ياقنى ئۆچۈرسە
بۇ ياققا يېپىشاتتى. ئاخىرى ئىشنى يەنىلا
بەش قىزنىڭ ئانىسى — مېھرىبان خانىم
بىر تەرەپ قىلدى. قاھار مۇئەللىمنىڭ
كۆكرىكىگە يېپىپ قويۇلغان ئەدىيالنى ئې-
لىپلا پۇتلىرىغا ياپتى. ئوت شۇ ھامان
ئۆچتى. لېكىن ئەدىيال ئېچىلغانىدا، ئۇنىڭ

پۇتلىرى شەلۋەرەپ كەتكەنىدى... شۇنداق
قىلىپ ئۇ بۇقېتىم ھەم مىتكوت زەربىسىدىن ھەم
كۆيۈك زەربىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئىشقا
چىقالماي قالدى. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك
بىر ئىش بولغانىدى. كېيىن قاھار مۇ-
ئەللىم ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە ئۇ-
زۇنغىچە كۈلكىلىك ئىش ھېسابىدا سۆزلەپ
بېرىپ يۈردى. ئاڭلىغانلار يا كۈلۈشنى
يا يىغلىشنى بىلمەي قالاتتى. بەزىلىرى
ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تېلىقىپ كېتەتـ
تى...

قاھار مۇئەللىمنىڭ بۈگۈن مۇشۇ دەريا-
دا ئاۋايلاپ دەسسەپ ئالغا ئىلگىرىلىشى
ئاشۇ مىتكوت كېتىپ كۆنۈپ قالغان پۇتـ
نىڭ يەنە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن
ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇ دىققەت بىـ
لەن قاشتېشى ئىزدەيتتى. ھەربىر تاشنى
دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، يېڭى قەدەمنى
باسىدىغانچاغدا، يەنە ئاشۇ ناكەس پۇتىنى
ئەسلەيتتى — دە، ئۇنى ئاۋايلاپ يەرگە قوـ
يۇشنى ئۇنۇتمايتتى. مۇشۇ ھالدىكى ئا-
دەمنى تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ دەرياغا كې-
لىشكە، ئېگىز — پەس تاشلارنىڭ ئۈستىـ
گە دەسسەپ قاشتېشى ئىزدەشكە كىم قويۇپ
تۇ؟ ئۇ ئۆيدە ھوشۇقىنى، لېپىكىنى،
بېلىنى ئاۋايلاپ يېتىشى، ئاۋايلاپ دەسـ
سەپ دەرسخانىغا چىقىشى، ئۇ يەردىن
يەنە ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆيگە كېلىشى،
مۇشۇنداق ئېگىز — پەس، ئوڭغۇل — دوڭـ
غۇل تاشلار بىلەن تولغان دەرياغا كەلـ
مەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن كەلمىسىـ
مۇ بولمايتتى. بەش قىز بىرىنىڭ كەيـ
نىدىن بىرى بويىغا يېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى
زامانىغا لايىق كىيىندۈرۈش، ياساپ — تا-
راش لازىم ئىدى. بۇنىڭغا پۇل يېتىشمەيتتى.
قېرىشقاندەك ئالدىنقى يىلى چوڭ قىزى

ئايپاشا ئالىي مەكتەپ ئېمتىھانىدىن ئۆت-
تەلمەي قالدى. نومۇر سىزنىقىغا يېتىشكە
ئازراقلا كەملەپ قالدى . قاھار مۇئەللىم
جىق يەزلەرگە قاترېدى. نۇرغۇن تونۇش-
بىلىشلەرنى ئىزدىدى. پېشقەدەم مائارىپ-
چىنىڭ پەرزەنتىگە تۆتلا نومۇر ئېتىبار
قىلىشنى ئۆتۈندى ، لېكىن يەنىلا بولماي
قالدى . كاتتىلارنىڭ ، باي سودىگەرلەر-
نىڭ پەرزەنتلىرىنىڭغۇ مۇمكىن بولدى. لې-
كىن ئۇنىڭغا مۇمكىن بولماي قالدى .
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ دېھقانچىلىق قىل-
سۇنمىكىن دېسە، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېرى يوق،
چارۋىچىلىق قىلسۇنمىكىن دېسە، ئوقۇتقۇچى-
نىڭ ياىلىقى يوق، سودىگەرچىلىك قىلسۇنمى-
كىن دېسە، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەسمىسى يوق...
بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى ئۆيگە تۆۋرۈك
قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق ئىدى .
خىزمىتى يوق ، مائاش ئالمايدىغان قىز-
غا كىممۇ خۇشتار بولىدۇ؟... ئاخىرى ئو-
قۇ - ئوقۇتۇش راسخۇتىنىڭ ھەممىسىنى
ئۆزى تۆلەيدىغان ، كېيىن يەنە خىزمەت-
نىمۇ ئۆزى تاپىدىغانغا ماقۇل بولۇپ ،
ئاران تەستە ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزدى.
ئايپاشانىڭ ئوقۇش پۇلى ، تاماق پۇلى
ئۈچۈن قەرز ئالدى . ئۇنى قايتۇرۇپ بول-
ماي تۇرۇپلا بۇ يىللىق ئوقۇش پۇلى
ئۈچۈن يەنە قەرز ئالدى . ئۇنىڭغا يەنە
ئايمۇ ئاي تاماق پۇلى ۋە پارچە - پۇ-
رات راسخوت پۇلى ئەۋەتىپ تۇرۇش لازىم
ئىدى ، ھەممىگە پۇل لازىم ئىدى . بەش
قىزمۇ ، بىر ئايالمۇ پۇل دەيتتى ، ئۆزى-
مۇ پۇل دەپ تۇراتتى. شەنبە كەچلىك-
لىرى بىر يوتۇلكا ھاراق ئۈچۈن ،
كۆندىلىك ئاش - تاماق، سەي - كۆكتات
ئۈچۈن ، توي - تۆكۈن، نەزىرە - چىراغ،
ئادەمگەرچىلىكلەر ئۈچۈن ، بالى-
لارنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرى ئۈچۈن ،
كىيىم- كېچەكلىرى ئۈچۈن ۋەيەنە ئاللى-
نېمىلەر ئۈچۈن پۇل لازىم . ئاشۇ
پۇل غېمى ئۇنى دائىم ۋەسۋەسىگە سېلىپ
تۇراتتى. ئاشۇ پۇل غېمىدىن قاشتېشى
سەۋداسىغا گىرىپتار بولدى. تېنىنىڭ ئا-
جىزلىقىغا ، لېيىكىنىڭ ئاجراپ، ھوشۇقى-
نىڭ مىتكوت كېتىدىغانلىقىغا قارىماي ،
قاشتېشى ئىزدەشكە تەۋەككۈل قىلدى. ئۇ
ھەقىقەتەنمۇ ئىلاجسىز ئىدى. شۇتاپتا
ئاۋايلاپ دەسسەپ ، دىققەت بىلەن قاش-
تېشى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇ-
چىلىق ھاياتى خۇددى دەريا قىنىدا چېچى-
لىپ ياتقان تاشلاردەك بىر - بىرلەپ ئۆت-
تۈشكە باشلىدى. تاشلار بىر - بىرىگە
ئوخشاشلا قاتتىق سوغ ۋە قوپال ئىدى .
خۇددى ئۆزىنىڭ كەچمىش - قىسمەتلىرى-
دەك رەھىمسىز كۆرۈنەتتى . قاھار مۇئەل-
لىمنىڭ كۆڭلى ئۆز قىسمىتىنىڭ بىرەھىم-
لىكىدىن يېرىم بولدى . ئۇ بۇلارنىڭ سە-
ۋەبىنى ئېنىق چۈشىنەتتى. لېكىن ئاشۇ
ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئاجىز ئىدى . ئۆز-
گەرتىشكە ئۇرۇناتتى ، تىرىمىشاتتى . لې-
كىن ئاشۇ سوغ ، قوپال ، قاتتىق تاشنى
مىدىرلىتالمايتتى...

— قاشتېشى ! مانا قاراڭلار قاشتېشى...
تويۇقسىز ياڭرىغان خۇشال ئاۋاز قا-
ھار مۇئەللىمنى خىيالدىن ئويغىتىۋەتتى.
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرسۇن مۇئەللىمگە
قارىدى. ئۇنىڭ قولىدا مۇشتۇمدەك كېلى-
دىغان بىر تال كۆك تاش تۇراتتى. قاھار
مۇئەللىم ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىن-
لاشتى ، سابىر مۇئەللىممۇ كەلدى . ئۈچ
ئاغىنە ئاشۇ غاز تۇخۇمىدىن سەل چوڭراق كېلى-
دىغان تاشنى بەس - بەستە قوللىرىغا ئېلىپ

كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇ راستىنلا قاشتېشى ئىدى. قۇياش نۇرى زەڭگەر رەڭ تاشنىڭ ئىچ-ئىچىدە جىلۋە قىلاتتى.

— مانا مۇشۇ يەردىن تېپىۋالدىم. مۇنۇ يوغان تاشنى ئۆرۈشۈمگىلا پاللىدە چاقناپ كەتتى. قولۇمغا ئېلىپ سۇرتتۇم، قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ باقتىم، مانا قاراڭلار، نېمىدېگەن چىرايلىق — ھە!

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ چىقاتتى. باشقىلارمۇ ھاياجانلىنىشتى. ئانا دەريا ئۇلارنى قۇرۇق قول قويمىغانىدى.

— ئېغىرلىقى قانچىلىك كېلەر؟ — سابىر مۇئەللىم قاشتېشىنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ تۇرۇپ سورىدى — بىر كىلوگرام كېلەرمۇ؟

— خېلىلا ئېغىر-ئىكەن. بىر كىلوگرام كەلمىسىمۇ شۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. تاش دېگەن ئۇبدانلا جىڭ باسىدۇ دېگىنە، — قاھار مۇئەللىم سابىر مۇئەللىمنىڭ قولىدىن تاشنى ئېلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — خېلى پۇلغا يارايدۇ. چەت ئەللىكلەرگە ساتالىساقمۇ ئۇنىڭدىنمۇ جىقراققا يارىشى مۇمكىن...

قاھار مۇئەللىم قاشتېشىنى تۇرسۇن مۇئەللىمگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ كىلىشكىنى بويىچە، ھەر كىمنىڭ تاپقىنى ئۆزىگە تەئەللۇق بولاتتى. بۇنى كېلىشىم دېگىلى بولمىسىمۇ يولغا چىقىش ئالدىدا قاھار مۇئەللىم «ھەر كىمنىڭ رىسقى ئۆزىگە» دېگەن. شۇ چاغدا ئاغىنىلەر ئۇچۇن بۇ گەپ سەل سەتچىلىكتەك تۇيۇلغانىدى. بولۇپمۇ سابىر مۇئەللىم ئاغىنىلەر ئارا «سېنىڭ-مېنىڭ دەپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس» دەپ قارىغانىدى. لېكىن قاھار مۇئەللىم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ قاشتېشى ئىزدەشكە بولغان ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىشنى نەزەردە تۇتتىمۇ ياكى كېيىنكى كۆنلەردە خوتۇنلار ئارا بولىدىغان غەيۋەت-شىكايەتلەردىن ساقلىنىشنى نەزەردە تۇتتىمۇ، ئىشقىلىپ گېپىدە چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ كېلىشىمگە ئايلىنىپ قالغانىدى... تۇرسۇن مۇئەللىم قاشتېشىنى «بىسمىللا» دەپ سومكىسىغا سالدى. ئۇلار يەنە تارقىلىشتى. نېمىشقىدۇر ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. قاھار مۇئەللىم ئەتراپىغا نەزەر سالدى. قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن، ئۇلار تاغ تەرەپكە قاراپ خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. غەربىي قىرغاقتا تۇساللىنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ نورىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقان سۇ قۇياش نۇرىدا بىر دەستە نۇردەك پارقىرايتتى. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۈستىدىرەك تاغ بىلەن دەريا ئارىسىدىكى قاينۇقتا قويۇق دەرەخلىك «مېلىك ئاۋات» كەنتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاھار مۇئەللىم ئوتتۇز ئىككىنچى يىلدىكى خەلق قوزغىلىڭى ۋاقتىدا خوتەنگە ۋالىي بولغان، مۇشۇ يەرنى ئاچتۇرغان مېلىك ھەزرەت دېگەن كىشىنى، بۇ يەرنىڭ شۇ سەۋەبلىك «مېلىك ئاۋات» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يادىغا ئالدى. لېكىن ھازىر بۇلارنى ئەسلەپ ئولتۇرىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى. ئۇلار يەنىمۇ چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن قاشتېشى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى.

4.

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ كەيپىياتى ھەممىدىن بەكرەك كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. تۈنجى ئولجىلا ئۇنىڭ ئامەتنى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. مانا، ھېلىقى زەڭگەررەڭ

قاشتېشى ئۇنىڭ سومكىسىدا ئېغىرلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھېلىدىن - ھېلى قولىنى سومكىسىغا سېلىپ، قاتتىق تاشلارنىڭ ئارىسىدا دومىلاپ تۇرغان قاشتېشىنى تۇتۇپ قوياتتى. كۆزلىرى بولسا دەريادىن يېڭى قاشتېشىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئەمدى ھەر بىر تاشنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ھەر بىر تاشنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ باراتتى. ھېچبىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايتتى. قۇم - لاي يۇقۇپ قالغانلىرىنىمۇ قولىغا ئېلىپ، لايلىرىنى تازىلاپ، قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ قاراپ باقاتتى. بۇنداق چاغلاردا گەرچە ئاشۇ تاشتا قۇياش نۇرى جىلۋە قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆكۈش - چاقان كۆزلىرىدە، ئۇزۇنچاق چېھرىدە يەنىلا خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. شەپكىسىدىن چىقىپ تۇرغان، ئىككى چېكىسىدىكى سېرىق، بۇدرە چاچلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ كېتەتتى؛ قىزىلكۈش يۈزى مەمنۇنلۇق كۈلكىلىرىگە تولۇپ تۇراتتى... ئۇ نېمىشقىمۇ خۇشال بولمىسۇن؟ سومكىسىدىكى قاشتېشى كەم بولغاندىمۇ يۈز سومغا يارايدۇ. يۈز سوم دېگەن ئاز پۇل ئەمەس. ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر ئايغا يەتكۈدەك ئۇن سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، ئۆكۈزدەك كۈچلۈك، قېچىردەك ساغلام بۇ مۇئەللىم پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە زۆرۈرىيىتىنى مۇشۇ ئۈچ كىشى ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ھېس قىلغان ئادەم ئىدى. تۇرسۇن مۇئەللىم ھەققىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئاجايىپ غەيۋەتلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. ئەڭ بۇرۇن - بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىللار ئىلگىرىلا ئۇنىڭ ئايالىغا تاماق ئېتىدىغان ئۇنىنى سەرلەپ، ياغنى كەمچەنلەپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقى، ئۇن - ياغ سېلىنىدىغان ساندۇقنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچىنى ئۆزى ساقلايدىغانلىقى، ئۆيدە لەغمەن ئېتىلىپ قالسا ئاش سۈيىنى ساقلاپ ئىچىدىغانلىقى، ھەتتا ئوت ياقىدىغان سەرەڭگىنىمۇ خوتۇنىغا ساناپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپلەر تارقالغانىدى. كىشىلەر ئۇنى ئوچاققا ئوتنى ئۆزى قالايدۇ، بىر تال ئوتۇن كۆيۈپ بولغاندا، ئاندىن يەنە بىر تال ئوتۇننى سالىدۇ دېيىشەتتى. لېكىن بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەزىلەر بۇ گەپلەرنى ھەسەتخورلارنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا خۇشتار كىشىلەرنىڭ نومۇسسىز يالغان - ياۋىداق گەپلىرى دېيىشەتتى. ئۇنى ئۇنچىۋالا پىخسىق - چىڭگىز ئەمەستۇ دەپ ئويلىشاتتى. ئۇ يىللار ھەقىقەتەنمۇ ئىقتىسادچىللىق ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىدىغان، ھەممىنى ساناپ پىلانلاپ، تۇجۇپلەپ ئىشلەتمىسە بولمايدىغان ئېغىر يىللار ئىدى. شۇڭا ھېلىقى گەپلەرگە راسا ئىشەنگىلى بولمايتتى. لېكىن ئاشۇ گەپلەر راسا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە، ئۇنىڭ يېزىلىق ئايالى كىچىككىنە ئىككى ئوغلىنى تاشلاپ تۇيۇقسىز قېچىپ كەتتى. ئۇ يالغۇز ئەمەس، قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن قوشنىسى تەرەپ - تەرەپلەرنى ئىزدەپ پايىپېتەك بولۇشتى. ئاياللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆيىنى، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىزدەشتى. ئىككى ئايال تېپىلمىدى. بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ ئاللىقانداق بىر خوتۇن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمـ

چىمۇ ياكى مايتاغقىمۇ بىر يەرگە كەت-
كەنلىكى، ھېلىقى شوپۇرنىڭ ئۇلارنى شۇ
يەردە قازاقىمۇ ياكى قالماقىمۇ بىركىم-
لەرگە تونۇشتۇرۇپ قويماقچى ئىكەنلىكى
توغرىسىدا گەپلەر تارقالدى. ئوغۇل بالا
ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر سەتچىلىك يۈز بەرگەن
ئىدى. تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن قوشنى-
سى ئۇزۇنغىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەي نو-
مۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ يۈرۈشتى. تاش-
لاپ كېتىلگەن باللارنى بېقىش ئەمدى
تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭلا زىممىسىگە چۈشتى.
ئۇننى سەرلەپ، ياغنى مىسقاللاپ، سە-
رەڭگىنى ساناپ ئىشلىتىش ئۆزىگىلا قال-
دى. باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا،
ئۇلارنى باقمىسا بولمايتتى. شۇنداق قى-
لىپ بۇ سەتچىلىك باللارنىڭ قىيا - چى-
يالىرى، يىغا - كۈلكىلىرى ئىچىدە ئاستا
ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. دەسلەپكى چاغ-
لاردا تۇرسۇن مۇئەللىم بىر ئايلىق
قىرىق يەتتە يۈەن ئەللىك فۇڭلۇق
مائاشقا قاراشلىقلاردىن بىرىنىڭ ئا-
زايغانلىقىدىن ئازراق خۇشالمۇ بولدى.
لېكىن بىر جاننىڭ ئازايغانلىقى ئۇنىڭ
تۇرمۇشىنى يەنىلا ياخشىلىيالمىدى. ئەم-
چەكتىن چىققىغان كىچىك ئوغۇلغا سۈت
ئېلىش كېرەك ئىدى. سۈت ئۈچۈن پۇل كې-
تەتتى. قىرىق يەتتە سوم ئەللىك فۇڭ،
ئۈن، ياغ، سۈتتىن ئاشمايتتى. سەي -
كۆكتات ئۈچۈن، ئوتۇن - كۆمۈر ئۈچۈن،
كىيىم - كېچەك ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن
پۇل يېتىشمەيتتى. تۇرسۇن مۇئەللىم كې-
يىملەرنى «يېڭى پېتى ئۈچ يىل، ئۆرۈپ
ئۈچ يىل، ياماپ ئۈچ يىل كىيىش» كە
بەلباغلىمىدى. ئۈن - ياغ بولسىلا، سەي -
كۆكتاتسىزمۇ كۈن ئۆتۈۋېرەتتى. ئەڭ چا-
تاقى ئوتۇن - كۆمۈر ئىدى. تۇرسۇن مۇ-
ئەللىم باشقا نەرسىلەرنى - تۈزنى، سەرەڭ-
گىنى قوشنىلاردىن ئۆتنە ئالغىلى بولا-
سىمۇ، ئوتۇن - كۆمۈرنى ئۆتنە ئالغىلى
بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇيغۇرلاردا
ئەزەلدىن ئوتۇن - كۆمۈرنى ئۆتنە - بې-
رىش قىلىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۇ ئەنە
شۇ ئوتۇن - كۆمۈرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
كۆتەك كولاشقا، تەمەچ تېرىشكە باشلى-
دى. بۇ ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن سەتچىلىك ئە-
مەسمۇ؟ لېكىن تۇرسۇن مۇئەللىم ئۇنداق
ئويلىمايتتى. مەكتەپتە بىرەر توپ دەرەخ
كېسىلسە، ئۇ دەرھال شۇ يەردە پەيدا بو-
لاتتى. «كۆتىكى مېنىڭ» دەپ چاكارلايتتى
ۋە ئارقىدىنلا كولاشقا كىرىشەتتى. كۆپ-
رەك دەرەخ كېسىلسە ئۇنىڭغا بايرام
بولغاندەك بولۇپ كېتەتتى. باشقىلار بىل-
لەن تالىشىپ يۈرۈپ، كۆتەكلەرنى
ئىگىلەپ بەلگە قوياتتى ۋە شۇ ھامان يا-
لىڭاچلىنىپ كولاشقا كىرىشەتتى. ئۇ كۆ-
تەكلەرنى كولاپلا قالماي شاخ - شۇمبى-
لارنىمۇ يىغاتتى. كۆمۈر چۈشۈرگەن يەر-
لەردىن كۆمۈرنىڭ ئۇۋىقىنى تېرەتتى. تە-
مەچ دەمدۇ، پاسار - پۇسار دەمدۇ، شاخار
دەمدۇ، ھەممىنى تېرىۋېرەتتى. كۆيىدىغانلا
نەرسە بولسا ھەممىنى تېرەتتى. قاچانلا
قارىساڭ ئۇنىڭ قولتۇقىدا بىر ياغاچ ئو-
تۇن، قولىدا بىر سېۋەت تەمەچ ياكى سې-
ۋىتىدە بىر چاڭگال شاخار تۇرغانلىقىنى
كۆرەتتىڭ. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ توغرىسىدا
يېڭى غەيۋەت - شىكايەت، يېڭى شاكخۇ-
لەتىپىلەر پەيدا بولغانىدى. لېكىن تۇر-
سۇن مۇئەللىمنىڭ بۇنداق گەپلەردىن پەر-
ۋايى پەلەك ئىدى... شۇنداق قىلىپ ئاشۇ
يىللاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇ با-
زاردىن بىرەر تەڭگىلىك ئوتۇن - كۆمۈر
ئېلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ چاپالىق ئەمگىكى
ئوتۇن - كۆمۈر مەسىلىسىنى ئوتتۇقلۇق

ھەل قىلىنغانىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئۆگزىسىدە، ھويلىسىدا، ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە يىللار يەتكۈدەك كۆتەك، ئوتۇن، شاخ-شۇمبا، پاسار-تەمەچ ۋە كۆمۈر توپىسى يىغىلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا كۆتەك كولاشنى توختاتمىدى. مەكتەپ ئىچىدە بولامدۇ ياكى سىرتىدا بولامدۇ، نەدىلا كۆتەك ئۇچراتسا كولاۋېرەتتى، بىكار بولسىلا كولايتتى. لېكىن ئۇ ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇنداق ئىشلارغا بىرەر قېتىممۇ يارىدەملەشتۈرۈپ باقمىدى. ئەگەر بىرەرسى: يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچنى قانداق قوراشتۇرىدىغانلىقىنى سورىغىلى كېلىپ، پىدائىيلىق بىلەن يارىدەملەشمەكچى بولسا ئۇ «جۇگۇ دەرسىڭنى تەكرارلا، بۇ سەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس» دەپ قوغلايتتى. ۋەھالەنكى ئايالىنى ئۇنداق قىلمايتتى. بەلكى ئاتايىتەن چاقىرىپ كېلىپ كۆتەك كولاشقا، شاخ-شۇمبا تېرىشكە، پاسار-تەمەچ تېرىشكە مەجبۇر قىلاتتى. مانا شۇ ۋەجىدىن، بىرىنچى ئايالى قېچىپ كېتىپ ئالتە يىل ئۆتكەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئايالىمۇ يەنە گۈلدەك ئىككى ئوغلىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئوخشىمايدىغان يېرى بۇ ئايال قېچىپ كەتمەي، قانۇنلۇق دەۋالىشىپ، سۆزىنى ئېيتىپ كەتتى. سوتتا «بىر ئايالنى باقالمايدىغان ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئۆي تۇتقىلى بولسۇن» دېدى. تۇرسۇن مۇئەللىم بۇ قېتىم ئۇنچىۋالا خىجىل بولمىدى. بەلكى «ھورۇن خوتۇننىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ئەۋزەل» دەپ ئويلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خەۋەر ئېلىشىدىكى بالا ئۆتكەكۆپەيگەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بىرىنچى خوتۇنىدىن قالغان چوڭ ئوغلىنىڭ قولى ئىشقا تېگىپ قالدى. ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولۇپ قالدى.

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆزىمۇ بالا بېقىش ئىشلىرىغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالغانىدى. لېكىن پۇل يەنىلا يېتىشمەيتتى. مائاش قىرىق يەتتە سوم ئەللىك فوڭدىن تېخى ئۆسمىگەنىدى. يەنىلا «تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش» قا توغرا كېلەتتى.

ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ مائاشى ئاستا-ئاستا ئۆستى. ئۈچىنچى ئايالىنىڭ مائاشى بىلەن قوشقاندا ئىككىيلەننىڭ يىللىق كىرىمى ئالتە مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى. ئۇ ئىككىنچى ئايالى كېتىپ، ئىككى يىللاردىن كېيىن بەش بالىسى بىلەن تۇل قالغان خىزمەتدىشى — ھەجەرخانىم بىلەن جىمجىتقىنا بىر ئۆيگە كىرىۋالغانىدى. ئۇلار توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشمىدى، توي-خېتى ئېلىپلا ئىشنى بولدى قىلىشتى. ئەمدى ئۇلاردا ھەشەمەت، دەبدەبە تۇيغۇلىرى يوقالغانىدى. شۇڭىمۇ قوشنىلىرىنىڭ خەۋەر تېپىشى بىلەنلا، بىر ئاخشامدىلا كۆچۈپ بىر ئۆيگە كىرىۋالدى. بۇ يەردە مۇھەببەتتىن كۆرە فىزىئولوگىيىلىك تەلەپ كۆپرەك رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى. ئۈچىنچى خوتۇن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تۇللۇق تۇرمۇشى ۋەجىدىن ئەر قەدرىگە يېتىدىغان، خوتۇنلۇق بۇرچىنى ياخشى چۈشىنىدىغان خوتۇن بولۇپ چىقتى. ئۇ تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ سىزغان سىزىقتىن چىقمايتتى. ئېغىر ئائىلە ئىشلىرىدىن سىرت، تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن بىللە كۆتەك كولايتتى. شاخ-شۇمبا، پاسار، تەمەچ تېرەتتى. ھەممە ئېغىرچىلىقلارغا غىڭ قىلمايتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر ئەترەت ئۆگەي بالىلار ئارىسىدىكى مۇناسى-

ۋەتىنى ئۇستىلىق بىلەن تەگشىشى تۇرسۇن مۇئەللىمنى قايىل قىلاتتى، ئۇمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىككىنى تۇغدى. بالىلارنىڭ سانى ئون بىرگە يەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بالىلارنىڭ بىر قانچىسى ئىشقا ئورۇنلىشىپ قولدىن چىقتى، ئۇلار نېمىشقىدۇر ئىشقا ئورۇنلىشىپلا بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق، كۆپ قانلىق ئائىلىدىن يىراقلىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئالغان مائاشلىرىنىڭ ئۆيگە زادىلا پايدىسى بولمايتتى. ئۆيدە پۇل يەنىلا يېتىشمەيتتى...

ئاشۇ ئېغىر تۇرمۇش ھەر بىر ئىشتا چىڭگىزلىك قىلىشنى ئاستا - ئاستا تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆپ قىلىقلىرى كىشىلەرگە ئەشەددىي شەخسىيەتچىلىكتەك، ئۇچىغا چىققان مەنپەئەتپەرەسلىكتەك تۇيۇلاتتى. راستىنى ئېيتقاندىمۇ ئۇ كەچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن، بىر تەڭگە پۇل ئۈچۈن تىك تۇراتتى. شەنبە كەچلىكلىرى ئېچىدىغان بىر بوتۇلكا ھاراق ئۈچۈنمۇ كەمدىن - كەم يانچۇق كوچىلايتتى، شۇنداقتىمۇ ئاغىنىلىرى — قاھار مۇئەللىم، سابىر مۇئەللىملەر ئۇنىڭدىن قاچمايتتى. ئۇنىڭ شاھمات تاختىسى ئۈستىدىكى ئاجايىپ ماھارىتى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، كۆتەك كولاش، شاخ - شۇمبا يېغىشلىرىنىڭ خىزمەتكە زادىلا دەخلى يەتكۈزمەسلىكى، دوستلىرىغا بولغان قىزغىنلىقى — ئاغىنىلىرىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەلپ قىلىپ تۇراتتى. ئۇ تەقدىر، قىسمەت، ئامەت دېگەنلەرگە ئىشەنمەيتتى، ئەمەلىي ئىشقا، ئەمەلىي ئۇنۇمگە كۆپرەك ئېتىبار بېرەتتى، جاھاندا سودىگەرچىلىك، دۇكانچىلىق ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلماقچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارچە ئابرويپەرەسلىكنى قايرىپ قويۇپ، رېمونتخانا، دۇكان ئاچماقچى، سودا قىلماقچى بولىدى. لېكىن دەسمى يوق ئىدى. قەرز ئېلىشنى، ئاز دەسمى بىلەن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشنى پىلانلىدى. لېكىن قەرز ئېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ھېچ ئىش قىلالمىدى. ئائىلىدە پۇل يەنىلا يېتىشمەيتتى...

بۇ قېتىم قاھار مۇئەللىم قاشتېشى سەۋداسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۇنىڭغا سەل بىمەنىلىكتەك تۇيۇلدى، كېيىن تېزلا ئۇمۇ ئاشۇ سەۋداغا گىرىپتار بولدى. گىرىپتار بولغاندىمۇ ھەممىدىن بەكرەك گىرىپتار بولدى. بىر قانچە قېتىم چوڭ، پارقىراق، سۈزۈك قاشتېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ چۈش كۆردى، ئۇ كەچلىكتە شاھمات ئوينىغان كۈنلىرى ئوبدان ئۇخلىيالمايتتى، ئۇخلىيالمىغان نېرى ئاللىقانداق بىر گۈزەل قاشتېشى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. قاشتېشى، پۇل، قاشتېشى، پۇل... بىرى - بىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، كۆز ئالدى ئېمىر - چىمىر بولۇپ كېتەتتى...

مانا ئەمدى ئۇنىڭ سومكىسىدا بىر پارچە قاشتېشى ئېغىرلىق سېلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ سومكىدا كەم دېگەندىمۇ يۈز سوم پۇل بار دېگەنلىك. ئۇ نېمىشقىمۇ خۇشال بولمىسۇن؟! نېمىشقىمۇ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالمىسۇن؟! ئۇ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن تاشلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ، ئۇلارنى نەزەرىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ كېتىپ باراتتى. يىراقتىكى قارا قورۇمنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلەتتى. ئۇ كۆز ئال-

دېدا كىچىككىنە، كۆلدەك بىر تال قاشتېشىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا ئۇنى قولىغا ئالدى. راستىنلا قاشتېشى، ئاران كۆلچەلىك بولسىمۇ يەنىلا قاشتېشى ئىدى. ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. لېكىن ۋارقىراپ ئاغىنىلىرىگە خەۋەر قىلمىدى، ئاۋايلاپ سومكىسىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئەمدى ئۆز رىسقىنىڭ مۇشۇ ئانا دەرياغا چېچىلغانلىقىغا راستىنلا ئىشەنگەنىدى. ئۇ يەنىمۇ زور ئىشەنچ بىلەن بېشىنى دەرياغا ئەگدى.

5

— قاشتېشى ئىزدەۋاتقان ئۈچ تەۋەككۈلچى، كۈن تىكلەنگىچە «مېلىك ئاۋات»نىڭ ئۇدۇلىدىن خېلىلا ئۆتۈپ كەتتى. غەربىي قىرغاقتا «مېلىك ئاۋات قەدىمى شەھىرى خارابىسى» نىڭ قالدۇق سېپىل پارچىلىرى كۆرۈنگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ قورسىقى ئوبدانلا ئاچقانىدى. دەريانىڭ ئىچىدە، قاتتىق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىنى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا چىلاپ يېيىشتى. نان خۇددى ھەسەل قاتقاندەك تاتلىق تېتىپ كەتتى. ئۇلار ھارغان، ئاچقان، پۇتلىرى، بويۇنلىرى ئاغرىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىنى يەنىلا روھلۇق سېزەتتى. تاماقتىن كېيىن تاماكىلىرىنى شوراپ ئولتۇرۇپ، ئولجىلىرىنى بىر-بىرىگە كۆرسىتىشتى. ھېچكىم قۇرۇق قول ئەمەس ئىدى. قاھار مۇئەللىمگە كۆلدەك، قاقتەك، ياڭاقتەك كېلىدىغان ئۈچ تال يېشىل رەڭلىك قاشتېشى ئۇچرىغانىدى. سابىر مۇئەللىممۇ خۇددا ئۆزىگە ئاتىغان تارتۇقنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ تېپىۋالغىنى شەكلىمۇ، چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئەينۇلىغا ئوخشايدىغان ناۋاترەك قاشتېشى ئىدى. پىشاي دەپ قالغان ئەنجان ئەينۇلىسىغا ئوخشايتتى. بىر قاراشتا قىزىل نۇر، بىر قاراشتا سېرىق نۇر چىلۋىلىنەتتى. ئەپچىللىك بىلەن بىر تۆشۈك ئېچىپ، زەنجىر ئۆتكۈزۈلسە، تەبىئىي مېدالىيونغا ئايلىناتتى. ھەرقانداق گۈزەل قىزنى يەنىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتەتتى...

ئەسلى پىلان بويىچە، ئەمدى ئارقىغا ۋېلىسىپىتلەر قويۇلغان جايغا قايتىدىغان چاغ بولغانىدى. ئۇلار قايتىش يولىدا يەنە قاشتېشى ئىزدەپ مېڭىشى، ئۇچرىغان ئولجىلىرىنى ئېلىپ، كەچ كىرىشكە ئۈلگۈرۈپ ۋېلىسىپىتلەر قويۇلغان جايغا بېرىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ قايتقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇلارغا ئاشۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئاللىقانداق بىر گۈزەل قاشتېشى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئازراق ماڭسىلا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئوتلۇق ئۈمىد ئالغا مېڭىشقا ئۈندەيتتى، بولۇپمۇ سابىر مۇئەللىمگە ئاشۇنداق تۇيۇلاتتى. ئۇ «كۈن تېخى ئەتىگەن، يەنە ئازراق ماڭايلىلا» دېدى. باشقىلار ئۈنسىز قوشۇلدى. ئۇلار قارا قۇرۇمغا يۈزلىنىپ يەنە يۈرۈپ كېتىشتى...

سابىر مۇئەللىمنىڭ ئاق ئالمىدەك چىرايىدا ئاللىقانداق تەقەززالىق بېلىنىپ تۇراتتى. ھېچقانداق ئىشتا باشقىلاردىن كېيىن قېلىشنى خالىمايدىغان بۇ ئادەم شۇ تاپتا ھەم ئاجايىپ چىرايلىق قاشتېشى ئۆزىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال، ھەم باشقىلاردىن ئاز ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن خاپا ئىدى. ئۇ يەنە قاشتېشى تېپىۋېلىشنى، باشقىلارنىڭكىدىن ھەم كۆپ ھەم چوڭ قاشتېشى تېپىۋېلىشنى ئارمان قىلاتتى. ئۇ ئۆز رىسقىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن،

بولۇپمۇ بىللە چىققان مۇنۇ ئىككى ئاغى-
نىسىنىڭكىدىن كەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيت-
تى. ئالغا قاراپ ماڭسا ملا يەنە قاشتېشى
ئۇچرايدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ دائىم چە-
رايلىق ۋە پاكىز كىيىنىپ، ئۆزىنى سا-
لاغا تارتىپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ
يۈرۈيدىغان قومۇشتەك ئورۇق، زىلۋا ئا-
دەم ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۇشۇ دەر-
ياغا قاشتېشى ئىزدەشكە چىققاندىكى كە-
يىنىشىنىمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشكە ئىنتايىن
ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. چەت ئەلدە ئىش-
لەنگەن تار گىرۋەكلىك ناۋاترەڭشىلەپە،
قىزغۇچ مېغىزرەڭ كاستيۇم - بۇرۇلكا،
مايلاپ پارقىرىتىلغان خورما رەڭشىبلىت،
ئۇنى گويا قاشتېشى ئىزدەشكە چىققان
يوقسۇلدەك ئەمەس، بەلكى سالقىن ھاۋا-
لىق يۈرۈڭقاشتا سەيلە قىلىۋاتقان زەر-
دارغا ئوخشىتىپ تۇراتتى. قاشتېشى ئىز-
دەپ يۈرۈشى قانداقتۇ قاشتېشى تېپىۋې-
لىپ، ئۇنى سېتىپ، پۇل تېپىشنى كۆزلە-
گەندەك كۆرۈنمەيتتى. پەقەت پۇل - مې-
لى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان بايزادىنىڭ
كۆڭۈل ئەرمىكى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىر-
دەملىك ھاۋايى - ھەۋىسىدەك كۆرۈنەتتى.
لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ھالىتى ئۇنداق
ئەمەس ئىدى. پۈتۈن ئەقلى - ھوشى،
پۇلغا - قاشتېشىغا ئىنتىلىپ تۇراتتى. ئۇ-
نىڭ پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە «بىلىملىك
ئادەم» دېگەن ئاتىقى بار ئىدى. ئۆزىنى
سالاغا تارتىپ يۈرۈشلىرىدىن، قولتۇقىغا
دائىم بىر قانچە پارچە مەشھۇر رومانلار-
نى قىستۇرۇۋېلىشىدىن بىلىملىك ئىكەنلى-
لىكى چىقىپ تۇراتتى. ياش ئوقۇغۇچىلار
ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى ئاجايىپ
سۆھبەتلىرىگە تەشنا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆ-
زىمۇ ئۆزىنى بۇنداق سۆھبەتلەردىن قا-
چۇرمايتتى. مەشھۇر شائىر - يازغۇچىلار
بىلەن بولغان باردى - كەلدىلىرى، خەت-
ئالاقىلىرى ھەققىدە، ئاشۇداڭلىق شەخس-
لەرنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمايدى-
غان خۇسۇسىي تۇرمۇشلىرى ھەققىدە، يې-
ڭى ئەمگەك - ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە سۆز-
لەپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قال-
دۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بىلىمىگە
پىشىمدەك يېپىشاتتى. شۇڭىمۇ ئۇ دەرس
ئۆتكەن سىنىپلار تېزلا مەخسۇس ئەدەبىيات
كەسپىي سىنىپىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولات-
تى. ھەممە ئوقۇغۇچى شائىر-يازغۇچى بو-
لۇشقا ئىنتىلىۋاتقاندەك ھالەت شەكىل-
لىنەتتى... ئۇ ئۆز سۆھبەتلىرىدە ئۆزى يې-
زىۋاتقان ئاجايىپ رومان ھەققىدىمۇ پۇ-
رىتىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. ئوقۇغۇچى-
لار ئۇنىڭ رومان يازالايدىغانلىقىدىن
تېخىمۇ ھەيران قالاتتى. راستىنى ئېيت-
قاندىمۇ ئۇ مۇشۇ ئوتتۇز يىل ئىچىدە ئۆ-
زى يېزىۋاتقان رومان ھەققىدە پات-پات
سۆزلەپ تۇردى. باشقىلار ئۇنىڭ ئاشۇ
چىرايلىق بېزىتىلگەن ئۆيىدە، باغقا قا-
رايدىغان دېرىزىنىڭ ئالدىدا چاچلىرىنى
ئارقىغا تاراپ، قولىغا قەلەم تۇتۇپ، چوڭ-
قۇر تەپەككۇر قاينامىلىرىغا شۇڭغۇپ ئول-
تۇرغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن. با-
زار - كوچىلاردا رومانغا ۋەقە - كۆرۈنۈش
ئىزدەپ يۈرگەنلىرىدە كۆپ قېتىم ئۇچرى-
تىشقانىدى. بەزى سورۇنلاردا ئاشۇ رومان
پروتىپلىرىدىن بولمىش كىملەرنىدۇ زىيا-
رەت قىلغانلىقلىرىنى ھېكايە قىلىپ بې-
رەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ رومانى تېخىچە
پۈتمەيۋاتاتتى. ياش ئوقۇتقۇچىلار ئىچى-
دە ئۇنىڭ رومانى ۋە رومان يازالايدى-
غانلىقى ھەققىدە گۇمانلارمۇ بار ئىدى.

لېكىن ئۇ بۇلداق ئادەملەرنىزادىلا كۆزگە ئىلمايتتى. رومانىنى پۈتكۈزۈشكە ۋاقىت يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن، تەشكىلنىڭ ئېتىبار قىلماي ھەپتىسىگە 15—16 سائەتلەپ دەرس يۈكلەپ قويغانلىقىدىن ئاغرىناتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى سابىر مۇئەللىم ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولدى. مائاشى يەنە ئۆسۈپ ھاكىمنىڭ مائاشى بىلەن تەڭلەشتى. لېكىن ئۆيدە يەنىلا پۇل يېتىشمەيتتى... ئۇ ئۆمرىدە ئالتە قېتىم ئۆيلەندى. بىرىنچى خوتۇنىنى «مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىكەن» دەپ، ئىككىنچىسىنى «ھېسسىياتسىزكەن» دەپ، ئۈچىنچىسىنى «يازغۇچىغا خىزمەت قىلىش روھى تەييارلىقى كەم ئىكەن» دەپ، تۆتىنچىسىنى «يېزىقچىلىق قىلىۋاتقىنىمدا چاي تەييارلاپ بەرمىدى، قەلەمگە سىيا ئۇچۇرۇپ بەرمىدى» دەپ، بەشىنچىسىنى يەنە بىر نىمە دەپ ئۆيدىن چىقاردى. ئۇ ئاشۇ بەش خوتۇنىنىڭ ھەممىسىنى قىز ھالەتتە ئالغانىدى. بەزىدە بەش قېتىم قىز ئالغانلىقى بىلەن ماختىنىپمۇ قوياتتى. ئۇ ئالتىنچى قېتىم ئىككى ئەردىن چىققان ئاجايىپ چىرايلىق شەھلا كۆز خانىمنى ئالدى. بۇ ساغىرلىرى قاشتېشىدەك سۈزۈك، كۆكسى ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان، ئايالىق ھېس-جەزبىسى ئوتتەك يالقۇنلۇق، دائىم چىرايلىق ياسىنىپ، كۆزلىرىگە سۈرمە، لەۋلىرىگە سۇرۇخ يېقىپ يۈرىدىغان پاكىز چوكان ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىگە «تېپىشمىغىچە ئېلىشماس» دېگەندەك تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. خانىم چىرايلىق ۋە پاكىزلىكىدىن بالا تۇغۇپ بالا بېقىشقا ئەمەس، بەلكى دائىم ياسىنىپ-تارىنىپ يۈرۈشكە يارىشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئالتىنى تۇغدى. لېكىن يەنىلا ئېتىكىگە كىر قوندۇرمىدى، بەدىنىدىن سۈت پۇراتمىدى. چىرايلىق ۋە پاكىزلىقى بىلەن ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپ-سۆزلىرى توپتوغرا تەتۈر تاناسىپ تۇرغان بۇ خانىم، سابىر مۇئەللىمنى دائىمىي تۇرۇشلۇق بالا باققۇچى ياللاشقا مەجبۇر قىلدى. بالىنى ئېمىتىدىغان سۈت ۋە سۈت پاراشوكى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۆزىگە، بالىلارغا چىرايلىق ئېسىل كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. چىرايلىق، زامانىۋى ۋە پاك-پاكىز ياشاش مۇھىتى يارىتىشقا مەجبۇر قىلدى... قوشنىلار بۇ خانىمنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ تىل-ئاھانەتلىرىدىن دەسلەپ خەۋەر تاپقان كۈنلەردىلا سابىر مۇئەللىم ئۇنىمۇ پات-ئارىدا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى. ئەكسىچە سابىر مۇئەللىمنىڭ بۆزى يۈزلىرى ھورلانغان، ياقىسى ئۈزۈراپ قالغان ھالدا بىر قانچە قېتىم ئۆيدىن چىقتى ۋە يەنە باشقىلارنىڭ سالا-سۈلھىسىزلا ئاشۇ خانىمنىڭ ناز-كەرەشمىسى تۈپەيلىدىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى... سابىر مۇئەللىم خېخىر دېگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى. ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلەر ئۇنىڭ يەنە قەرز سورىشىدىن ئەنسىرەپ قېچىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ رومان يېزىۋاتقانلىقتەك كاتتا سالاھىيىتى، قوي-توخۇ، ئۆردەك-غاز بېقىپ ئائىلىسىنى بېقىشتەك ئۇششاق ئىشلارنى قىلىشقا يول قويمايتتى. تۇرسۇن مۇئەللىمدەك كۆتەك كولاپ، شاخ-شۇمبا، شاخار-تەمەچ تېرىپ يۈرۈشكە تېخىمۇ يول قويمايتتى. ئۇ

پەقەت قەرز ئالاتتى. بۇ ئايدا ئۈنىڭدىن
ئالسا، يەنە بىر ئايدا بۇنىڭدىن ئالاتتى.
ئۈنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئې-
لىپ ئۈنىڭغا تۆلەيتتى. قەرز ئىگىلىرى بەك
سۈيلەپ كەلگەندە «رومانىمنىڭ قەلەم
ھەققى چىققاندا ھەممىنى بىراقلا تۆلەپ
تۈگىتىمەن» دەپ يەنە ئاشۇ رومانىنى پەش
قىلاتتى. رومان بولسا تېخىچە پۈتمەيۋا-
تاتتى.. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، سابىر
مۇئەللىم ئاغىنىلەر ئارا زادىلا پىخسىق-
لىق قىلمايتتى. بىرەر يەرلەرگە بارغان-
دا، ئاشپۇزۇللارغا كىرگەندە ياكى شەنبە
كەچلىكلىرى بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئېلىش-
قا توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن يانچۇ-
قىنى كولايتتى. شاھمات تاختىسى ئۈستى-
دە ئۈستىلىق بىلەن تەۋەككۇلچىلىق قى-
لىپ يېڭى ـ يېڭى ئويۇنلارنى چىقىراتتى.
ئاغىنىلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يې-
تىم ئىشلىرىغا خۇددى ئۆز ئىشىغا قار-
غاندەك قارىشاتتى. ئادەمگەرچىلىك بار-
دى ـ كەلدىلىرىگە ئۆزىمۇ، خوتۇنىمۇ
ئىنتايىن ئېتىبار قىلاتتى. شۇڭىمۇ ئەل-
جامائەت، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئارىسىدا ئوب-
دانلا ئىناۋىتى بار ئىدى. دوستلىرى ئۇ-
نىڭ خىجىللىكىچە قەرزگە بوغۇلۇپ
قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭدا ئىمچ-
رايلىق كىيىنىپ، پۇلنى ئايىماي خەجلەپ
يۈرۈشىدىن ھەيران بولاتتىيۇ، لېكىن پۇل-
نى نەدىن تاپىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ،
سابىر مۇئەللىمنىڭ «سىرلىرىڭنى دۈشمە-
نىڭدىن كۆزە دوستلىرىڭدىن بەكرەك ساقلا»
دېگەن نەقىلىگە ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ ماھ-
سۇلى ئىدى. ئۇ ھېچقاچان ئاغىنىلىرىدىن
قەرز ئېلىپ باقمىغان. باشقىلاردىن، ئۇ-
رۇق ـ تۇغقانلاردىن، تونۇش ـ بىلىشلەر-
دىن ئالاتتى، لېكىن ئاغىنىلىرىدىن ئال-
مايتتى. دەسلەپكى چاغلاردا ئاشۇ قەرز-
لەرنى خىيال قىلىپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخ-
لىماي يۈردى. كېيىنچە كۆنۈپ قالدى. ئۇن
بەش يىللىغا سوزۇلغان قەرزدارلىق ئەمدى
ئۇنى مەڭسىتمەس قىلىپ قويغانىدى. «تاز
بولساڭ گەردەنگىچە بول» دېگەندەك، ئۇ
ئاستا ـ ئاستا قەرز ئېلىشتىن قورقماي-
دىغان بولۇپ كەتتى. قەرز ئېلىۋېرەتتى،
پۇل تۈگىسىلا ئالاتتى. لېكىن ئۇ ئاشۇ
قەرزلەرنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى
بەرىبىر تۆلەش لازىملىقىنى، يېزىلمىغان
رومانىنىڭ قەلەم ھەققى توغرىسىدىكى گەپ-
لەرنىڭ يەنىلا بىر شېرىن خىيال ئىكەن-
لىكىنى چۈشىنەتتى. ئىچى تىتىلداپ، ئۆز
گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ئازابلى-
ناتتى. لېكىن ھېلىقى شەھلا كۆز، ئالتە
بالىدىن كېيىنمۇ گۈزەللىكىنى زادىلا يوق-
اتمىغان خوتۇنىنىڭ پەيلى يەنىلا شۇ ئى-
دى. ئۆيدە پۇل تۈگىسىلا تىل ـ ئاھانەت
دېگەننى قار ـ يامغۇردەك ياغدۇراتتى.
ئۇنىڭ ئۆز مائاشى ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كې-
چەك، زىبۇ ـ زىننەت، ئۇپا ـ سۇرۇخ دې-
گەنلەرگە يەتمەيتتى. سابىر مۇئەللىمنىڭ
مائاشىمۇ چاڭگال سالاتتى: ھە دېسىلا
گىلەم سېتىۋېلىش، دېرىزە پەردىسى ئال-
ماشتۇرۇش، ساپا يەڭگۈشلەش بىلەن شۇ-
غۇللىناتتى. ئۆيدە ئاش ـ ئوزۇق، گۆش ـ
ياغ ئۆكسۈپ قالسا تېخى بولمايتتى.
چوڭۇپ قالغان ئالتە بالىنىڭ كىيىم ـ كې-
چەكى كونىراپ قالسا تېخى بولمايتتى. ھەم-
مىگە بىچارە سابىر مۇئەللىم جاۋابكار
ئىدى. سۈتكىمۇ، بالا ـ چاقىلارنىڭ خەر-
جىگىمۇ، ئايالىنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى-
گىمۇ پۇل لازىم ئىدى. قەرز ئالمىسا،
بۇنچە جىق چىقىمغا مائاش يېتەمدۇ؟ ئىك-
كى كىشىنىڭ مائاشى نېمىگە يېتەمدۇ؟

تېخى ئاشۇچېرا يلىق خوتۇلىنىڭ ئا يدا بىر
قېتىم شەھە رلىك دوستلىرىنى چاللىۋېلىش
ئۈچۈن پۇل لازىم. ئۇزۇلمەي كېلىپ ـ كېتىپ
تۇرغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ
پۇل لازىم ئىدى ...

ئاشۇ خوتۇن بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇ-
يۇقسىز سابىر مۇئەللىمگە بىرەر ئەمەلنى
قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا مەسلىھەت بەردى.
ئۇنىڭچە، ئەمەلدار بولۇۋالسىلا يۇقىرى
مائاشمۇ، ماشىنىمۇ ۋە ھەممە نېمىمۇ
تەق بولارمىش. سوۋغا ـ سالام دېگەن سۇ-
دەك ئېقىپ كىرىپ تۇرارمىش، ئەمەلدار
بولۇۋېلىش ئانچە تەس ئەمەسمىش.
ھاكىمنى، شۇجىنى، تەشكىلات بۆلۈم
باشلىقىنى بىر قانچە قېتىم مېھمانغا چىللى-
لىسىلا، سابىر مۇئەللىمدەك بۇنداق بە-
لىملىك، زومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان ئىناۋەتلىك ئادەمنىڭ ھەم-
مە ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن يۇرۇشۇپ كېتەر-
مىش ... مەسلىھەت ياخشى مەسلىھەت ئى-
دى. لېكىن ھەممە كىشى شەھلا كۆز خا-
نىمنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدۇ، دېيىشىدى-
غان سابىر مۇئەللىم بۇ قېتىم كۈتمىگەن
يەردىن چىقىپ تاپتىن چەتنىدى. خوتۇ-
نىنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتىنى بىراقلا رەت
قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىل-
غانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇ
قاپاقلىرىنى تۈرۈپ «قويە، بۇنداق
ئىشلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەس-
لىھەت ئاياغلاشقان بولدى. سابىر مۇ-
ئەللىمنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندە چالۋا-
قاپ، تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇپ، ئۆينى
بېشىغا كىيىدىغان بېشەم خانىم بۇ قېتىم
ئۇنىڭ چىرايىدىكى قەتئىيەتنى كۆرۈپ
ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. «
ئېختىيارىڭ» دېگەن مەنىدە، قىپ-
قىزىل لەۋلىرىنى پۈرۈپلا قويدى، خالاس.
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش شۇ پېتى قالدى...
لېكىن ئۇلارغا پۇل لازىم ئىدى. قەرز
تۆلەشكىمۇ، خوتۇن ئۈچۈن يېڭى ـ يېڭى
زىبۇ ـ زىننەتلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ
پۇل لازىم ئىدى.

شۇ تاپتا، سابىر مۇئەللىم يەنىلا پۇل-
نى ئويلاپ كېلەتتى: خۇدادىن، ئانا
دەريادىن، ئۆزىنىڭ رىتقىدىن چوڭ بىر
دانە قاشتېشى ئاتا قىلىشنى، ئۇنىڭ تۇر-
غۇن پۇلغا ـ قەرزلىرىنى تۆلەپ يەنە
ئاشقىدەك پۇلغا يارىشىنى تىلەپ كېلەتت-
تى. ھەر بىر تاشنى دىققەت بىلەن كۆ-
رەتتى. قورام تاشلارنى پولات چىۋىق بى-
لەن قومۇرۇپ ئۆرىگەندە، ئۇنىڭ تېگى-
دىن ئۆزى ئويلىغان قاشتېشى چىقىشىنى
ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ئۇ تېخى ئۇچرى-
مايۋاتاتتى. سابىر مۇئەللىمنىڭ بويىنى
دەرياغا ئېگىلگەن، كۆزى دەرياغا تىكى-
كىلگەنىدى. بېشىنى كۆتۈرمەيمۇ قۇياش-
نىڭ غەربكە ئېگىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇ-
راتتى. كەچكىرگەنسېرى يەنىمۇ بەكرەك
تىت ـ تىت بولاتتى. تېخىچە تۈزۈكرەك
بىرەر تال قاشتېشى تاپالمىدى. ھېلىقى
ئەينۇلىغا ئوخشايدىغان قاشتېشىنى سې-
تىشتىن ئۈمىد يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئەل-
ۋەتتە تېخىچە ياسىنىشتىن قالمىغان شەھلا
كۆز خانىم چاڭ سالاتتى. پۇل قىلىش
ئۈچۈن چوڭراق، ئاشۇ خوتۇنىنىڭ بويىنى،
بارماقلىرى، بىلەكلىرى كۆتۈرەلمىگۈ-
دەك قاشتېشى تېپىش كېرەك ئىدى. لې-
كىن مانا... ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۈمىدسىز-
لىك قاپلاپ كېلەتتى. «رىسقىم مۇشۇن-
چىلىكمىكىنە؟!» دېگەن بىر پىكىر كۆڭلى-
نى ئېزەتتى. لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرى
توختاۋسىز يۆتكىلىپ، كۆزى توختاۋسىز

ئىزدەيتتى . ئۇتتلۇق ئۇممىد ئۇنى قارا
قۇرۇم تەرەپكە — دەريانىڭ باشلىنىش
نۇقتىسىغا قاراپ سۆرەيتتى ...

6

قۇياش غەربىي قىرغاققا باش قويدى .
لېكىن قاشتېشى ئىزدىگۈچىلەر ئۆزلىرى -
نىڭ خىيالىدا ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى ،
ئالدىلىرىدا ، يۇرۇڭقاشنىڭ ئۈستىگە سې -
لىنغان ھەيۋەتلىك سۇ بۆلگۈچ توسمىنىڭ
كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى تېخى ھېس قىلمىشل -
مايتتى . قاشتېشى تېپىۋېلىش ئۈممىدىدە
توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . ھېچ -
كىم قاشتېشى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايت -
تى . قاھار مۇئەللىم كۈننىڭ كەچ كىرى -
ۋاتقانلىقىنى تۇيمىغانىدەك پۇتلىرىنى
بارغانسېرى ئاۋايلاپ دەسسەپ قاشتېشى
ئىزدەشنى داۋام قىلدۇرۇۋاتاتتى . قالغان
ئىككىيلەن قاچان قاھار ئېغىز ئاچسا شۇ
چاغدا كەينىمىزگە يانىمىز دېگەن تۇيغۇ -
دا ئىدى . قاھار مۇئەللىم بولسا ئۇن -
تىنىسىز كېتىپ باراتتى . ھەممىسىنىڭ
كۆڭۈللىرىدە ، ئىستەك - ئۈمىدلىرىدە ،
پىكىر - خىياللىرىدا بىرلا « قاشتېشى ،
قاشتېشى ، قاشتېشى » دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم
سۈرەتتى . ئەسلىرىدە ئاشۇنىڭدىن بۆلەك
ھېچنېمە يوق ئىدى . تۇيۇقسىز دەريا
ئىچىدە « ۋاي ! » دېگەن ئاۋاز ياڭراپ
كەتتى ، ئاۋاز نۇنىلۇك ئەمەس ئىدى .
لېكىن سابىر مۇئەللىم بىلەن تۇرسۇن
مۇئەللىم ئېنىق ئاڭلىدى . بېشىنى كۆ -
تۈرۈپ ، بۇرۇلۇپ قاھار مۇئەللىم تەرەپ -
كە قاراشتى . قاھار مۇئەللىم كۆپىكۆك
قۇم ئۈستىگە يىقىلغانىدى . سابىر مۇئەل -
لىمنىڭ كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك بولدى
دى ۋە بۇرۇلۇپ قاھار مۇئەللىم تەرەپكە
يۈرۈپ كەتتى .

— نېمە بولدى ؟ — ئۇ ۋارقىراپ تۇ -
رۇپ سورىدى .
قاھار مۇئەللىم جاۋاب بەرمىدى . ئۇ
« ۋاي - ۋاي » لاپ ، قولى بىلەن پۇتى -
نى تۇتماقچى بولۇپ ، قۇم ئۈستىدە دوا -
ملاپ يۇرەتتى . سابىر مۇئەللىم يېتىپ
كەلگەندە قاھار مۇئەللىم تېخىچە ۋاي -
ۋايلاۋاتاتتى . ئازابتىن بۇغداي ئۆڭ
چېھرى تاتىرىپ كەتكەنىدى .
— تىزىڭمۇ ياكى ھوشۇقۇڭمۇ ؟
— ۋاي ، ۋايجان ، ھوشۇقۇم ، ھوشۇ -
قۇم مىتكوت كەتتى بولغاي ، قۇم ئۈستى -
گە دەسسىگەنتىم ، نېمە بولغىنىنى بىلەل -
مەيلا قالدىم ، خۇددى چېقىۋەتكەندەك
ئاغرىۋاتىدۇ ...
— سابىر مۇئەللىم قۇم ئۈستىگە تىزلىنىپ
ئولتۇرۇپ ، قاھار مۇئەللىمنىڭ كەشىنى
سالدۇردى . ئۇ بۇنداق پاجىئەگە ئىل -
گىرىمۇ داخىل بولغانىدى . بۇنداق چاغ -
دا نېمە قىلىشنى بىلەتتى . قاھار مۇئە -
ئەللىمنىڭ پۇتىنى تىزى ئۈستىگە ئېلىپ ،
ئۇۋۇلاشقا باشلىدى . پۇتىنىڭ ئىزەڭگۈ -
لىكى بىلەن شونجىقىدىن تۇتۇپ ، ئاللى -
دىغا ئاۋايلاپ تارتىپ قويۇۋەتتى . مۇئە -
شۇنداق قىلغانىدا بوغۇمدىن چىقىپ كەت -
كەن بولسا جايىغا چۈشەتتى . سابىر مۇئە -
ئەللىم بۇ ھەرىكەتنى ئىككى - ئۈچ قېتىم
تەكرارلىدى . قاھار مۇئەللىمنىڭ ئىڭ -
رىشىمۇ ئاستا - ئاستا پەسەيدى . قارىغان -
دا ئاغرىق سەل پەسەيگەندەك تۇراتتى .
بۇ چاغدا تۇرسۇن مۇئەللىممۇ يېتىپ
كەلدى . « پۇتىنى سوغۇق سۇغا چىلايلى ،
ئىششىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ »
دېدى ئۇ كېلىپلا ، بۇ ياخشى چارە ئىدى ،
ئىششىپ كەتمىسىلا ئوڭاي ياخشى بولۇپ
كېتەتتى . سابىر مۇئەللىم ئورنىدىن تۇ -

روُپ ، قاھار مۇئەللىمنى يۆلىدى . تۇر ـ
سۇن مۇئەللىممۇ ياردەملەشتى.

ــ ئاغرىقىقا چىداپ بەرگىن ، سۇغا
چىلاپ كۆرەيلى . ئاغرىق توختاپ قالسا
ئەجەب ئەمەس...

ــ توختا! ــ بىردىن ۋارقىرىدى قاھار
مۇئەللىم. ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن
تىترەيتتى، كۆزلىرى ھېلىلا سابىر مۇئەللىم
تىزلىنىپ ئولتۇرغان يەرگە تىكىلىپ قال ـ
غانىدى. ئاشۇ يەردە سابىر مۇئەللىمنىڭ
ئولتۇرۇپ قوپۇشىدىن قۇملار سۈرۈلۈپ،
تاشلار ئېچىلىپ قالغانىدى ، ــ قاشتېشى ،
قارا ئەنە قاشتېشى!

ــ قېنى؟ قېنى قاشتېشى؟

قاھار مۇئەللىم ئوڭ قولىنى ئالدى ـ
غا سوزۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن
كۆرسەتتى:

ــ ئەنە، ئەنە كۆرمىدىڭمۇ؟ نەدە پەتەك
پارقىراپ تۇرۇپتۇ...

ھەممەيلەننىڭ كۆزى قاھار مۇئەللىم
كۆرسەتكەن يەرگە تىكىلدى. سۈرۈلۈپ كەت ـ
كەن قۇملارنىڭ ئارىسىدا ھەقىقەتەنمۇ ئاپ ـ
ئاق بىر نەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرسۇن
مۇئەللىم دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ،
قولى بىلەن قۇملارنى سۈرۈپ تاشنىڭ يۈ ـ
زىنى يەنىمۇ ئاچتى. دولم كۆمتۈرۈپ قويغان
داستەك يوغان بىر تاش چاقناپ كەتتى. سۇت ـ
تەك ئاق تاشنىڭ ئىچ ـ ئىچى كۆرۈنۈپ تۇرات ـ
تى. راستىنلا بىر پارچە قاشتېشى ئىدى.
تۇرسۇن مۇئەللىم تاشنىڭ بىر تەرىپىگە
قولىنى تىقىپ، قومۇرۇپ ئالماقچى بولۇپ
كۈچەپ باقتى، لېكىن تاش مىدىرلاي
دىمەيتتى. ئۇ قولى بىلەن قۇملارنى تا ـ
تىلاپ كولاشقا باشلىدى. سابىر مۇئەللىم ـ
مۇ ياردەمگە كەلدى . قاھار مۇئەللىم ـ
نىڭ پۇتىدىكى ئاغرىق ئاللىقاچان توخ ـ
تاپ قالغان، ئۇ ھاياجىنىدىن ھاسىراپ ،
پۇتلىرىنى سوزغان ھالدا تىنچىقىنا قاراپ
ئولتۇراتتى. تاشنى كولاۋاتقانلارمۇ ھاس ـ
رايتتى. ھاردۇقتىن ئەمەس بەلكى ھاياجا ـ
دىن ھاسىرىشاتتى. ھېلىلا قاھار مۇئەل ـ
لىمنىڭ پۇتى مىتكوت كەتكەنلىك سەۋە ـ
بىدىن بىر دەملىككە ئۇنتۇلغان قاشتېشى
ۋەسۋەسىسى ئەمدى يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈل ـ
گەنىدى... ئىككىيلەن بىر ھازا ھەپىلىشىپ،
پولات چىۋىقلارنى پىشاڭ قىلىپ، يوغان
قاشتېشىنى ئورەكتىن دومىلىتىپ چىقاردى.
بۇ ئۇلار ئۆتكەن قېتىمچوڭ جامەنىڭ قې ـ
شىدىكى قاشتېشى بازىرىدا، قاشتېشى ئويې ـ
مىچىلىق كارخانىسىنىڭ ئەۋرىشكىلەر زا ـ
لىدا كۆرگەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق قاش ـ
تېشىنىڭ ئۆزى ئىدى. رەڭگىۋە نۇرلۇقلۇقى
ئاشۇ يەردىكى ئاق قاشتېشىغا قۇيۇپ قوي ـ
غاندەك ئوخشايتتى. بىرەر سىزىق دەز ياكى
بىرەر تال داغدىن ئەسەر كۆرۈنمەيتتى.
غەربىي قىرغاقتىن سىيرىلىپ چۈشكەن نۇر
تالاسى تاشنىڭ ئىچ ـ ئىچىنى يورۇتۇپ
جىلۋە قىلاتتى. لېكىن بۇ ئاشۇ ئەۋرىشكى ـ
لەر زالىغا قويۇلغان تاشتىن كۆپ چوڭ ئىدى.

ــ قانچە كىلو كېلەر؟

سابىر مۇئەللىم كۆتۈرۈپ ئېغىرلىقىنى
دەڭسەپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ ئىنچىكە
بەللىرىنى يادەك ئېگىپ تاشنى قۇچاقلىدى،
لېكىن كۆتىرەلمىدى.

ــ ۋاي، ۋايىەي، مەن كۆتۈرەلمىدىم.
قارىغاندا بىرەر يۈز كىلوگىرام كېلەمدۇ
نېمە، كاساپەت بەك ئېغىركەن...

تۇرسۇن مۇئەللىم يەڭلىرىنى شىمايلاپ،
قاشتېشىنى قۇچاقلاپ دەس كۆتەردى. سەل
كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاۋايلاپ قويۇپ قويدى.

ــ ئەللىك كىلوگرام بىلەن ئاتمىش
كىلوگرامنىڭ ئارىسىدا باردەك قىلىدۇ ،
ئاتمىش كىلوگرامدىن ئاشمايدۇ...



ئۈچ ئادەم ئاشۇ چوڭ قاشتېشىنىڭ ئۈچ تەرىپىدە ئولتۇراتتى. خۇددى ئاشۇ يېشىل قاشتېشىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قورشاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار تىنچلىنىپ قېلىشقان، لېكىن قەلبلىرى تىنچ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆتكەن قېتىم قاشتېشى بازىرىدا ئاڭلىغان، قاشتېشى قانچە چوڭ بولسا، باھاسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق قاشتېشىنىڭ ئېغىرلىقى ئون كىلوگرامدىن ئاشسىلا، ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى ئون مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، دېگەن گەپلەرنى يادىغا ئېلىپ، ئۆزلىرىچە مۇنۇ ئاق قاشتېشىنىڭ باھاسىنى ھېسابلاشقا كىرىشكەنىدى. ئوقۇتقۇچى ئادەملەر ئۈچۈن بۇ قىيىن ھېساب ئەمەس ئىدى. ئون مىڭنى ئەللىككە كۆپەيتسىلا چىقاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ سانغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. كۆڭلىدە ئاشۇ ئون مىڭنى بەش مىڭغا، ئىككى مىڭغا، بىر مىڭغا چۈشۈرۈپ ھېسابلاپ بېقىشاتتى. ھېلى تۇرۇپ ئاتمىشنى ئەللىككە، قىرىققا چۈشۈرۈپ بېقىشاتتى. شۇنداق قىلىپمۇ ئۆزلىرى ئۆمۈرلىرىدە كۆرۈش تۈگۈل خىيال قىلىپمۇ باقمىغان شۇنچە كۆپ پۇلنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرۇشالمايتتى...

ئۈچ كىشىنىڭ قەلبىدە «بىزنىڭ» دېگەن تېرمىن بىلەن «مېنىڭ» دېگەن تېرمىنمۇ بىر-بىرىگە ئالمىشىپ، ئورۇن تالىشىپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراشمايتتى. پەقەت قاشتېشىغىلا سۈرلۈك نەزەردە تىكىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. قاراشلىرى بارغانسېرى سۈرلۈك تۈس ئېلىشاتتى... ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئاشۇنداق ھالەتتە ئولتۇرۇشتى. تاماكا ئورۇشۇپ، بىر-بىرىگە خوش ئېيتىشمايلا پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىچە ھېساب چىقىرىشۋاتقانلىقىنى ياكى باشقا نەرسە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. سىرتتىن قارىغان ئادەمگە ئۇلار خۇددى مۇشۇ قاشتېشىنىڭ يېنىغا بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ قالغان يات ئادەملەرگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئۇلار يات ئەمەس ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا قەلبلىرى ياتلىشىپ كېتىۋاتاتتى...

خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى. ئەمەك ئالدى بىلەن قاھار مۇئەللىمنىڭ ئېسىدە «پۈتۈم مەتكوت كەتمىگەن بولسا، سابىر كەلمەيتتى، سابىرنىڭ پۇتلىرى قۇمنى سورىۋەتمىگەن بولسا، قاشتېشىنىمۇ كۆرمەيتتىم...» دېگەن پىكىر پەيدا بولدى. گەپ دى ئېچىنىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن

كېيىن سابىر مۇئەللىممۇ ئاشۇنىڭغا ئوخـ
شاش پەـكىرنـى مېڭىسىدىـن ئۆتـكۈزدى:
«قاھارنىڭ پۈتۈن مىتكوت كەتمىگەن بولـ
سا، بۇ يەرگە كېلىش ئويۇممۇ يوق ئىدى.
خۇدا قاشتېشىنى ئېچىۋېتىشنى مېنىڭ پۈـ
تۈمغا، كۆرۈشنى قاھارنىـڭ كۆزلىرىـگە،
كۆتۈرۈشنى تۇرسۇننىڭ كۈچىگە نېسىپ قىلىپـ
تۇ...» دەپ ئويلىدى. تۇرسۇن مۇئەللىممۇ
شۇنداق ئويدا ئىدى. «ئەمگەكقۇ مېنىڭ،
ئېكىن ئۇلار كۆرمىگەن بولسا...» شۇنداق
قىلىپ ئۇلارنىڭ قەلبلىرى يەنە ئاستا ـ
ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. چىرايـ
قارا شلىرىدىكى سۇر ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ،
مۇلايىملىق ئۆرلەپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەقـ
لى نەپسىدىن غالىب كەلگەنىدى. قەلبىدىكى
كۆرەش تولۇق ئاخىرلاشقانـدا، ئۇلارنىڭ
چىرايىغا يەنە ئوقۇتقۇچىلارغا خاس خېجىلـ
لىق نۇرلىرى يورۇق چۈشۈردى. بۇ ھېلىلا
قەلبلىرىدىن كېزىپ ئۆتـكەن نومۇسسىز
پىكىرلەرنىڭ ئەستىلىكى ئىدى. ھايال ئۆتـ
مەي خېجىللىق نۇرلىرىنىڭ ئورنىنى تاتـ
لىقتىنا كۈلۈمسىرەش ئىگىلىدى. بىر ـ بىرـ

گە قاراپ تاتلىقتىنا كۈلۈمسىرەشتى. ئاشۇ
كۈلۈمسىرەشتە، بۈگۈنكى تەۋەككۈلچىلىقـ
نىڭ غەلىبە شادلىقىمۇ، ئۆزلىرىـنىڭ چىن
ئىنسانـلىق روھلىرىنى قايـتا تېپىۋېلىشـ
قانلىقلىرى ئۈچۈن مەمنۇنلۇقىمۇ، دوستـ
ئاغىنىدارچىلىق ۋاپادارلىقىمۇــ ھەممىسى
ئەكس ئېتەتتى. ھېچكىم «بۇ قاشتېشى كىمـ
گە تەئەلـلۇق؟» دەپ سورىمىدى. پەقەت
قاھار مـۇئەللىم سومكىسىدىن بىرىكـمە
تالايىپتىن توقۇلغان چىپتا تاغارنى ئېلىپ
تۇرسۇن مۇئەللىمگە تاشلاپ بەردى. تۇرسۇن
مۇئەللىم قاشتېشىنى تاغارغا سېلىپ، ساـ
بىر مۇئەللىمگە يۈتكۈزۈپ قويـدى. ئۆزى
بولسا، قاشـتېشىدىنمۇ ئېغىرراق بولـغان
قاھار مۇئەللىمنـى ھاپاشلىـدى. ئۇلارغا
قاشتېشى تارتۇق قىلغان ئانا دەريا، ئۇلارـ
نىڭ دوستلۇقىنىمۇ قوتقۇزۇپ قالغانىدى.
ئۇلار ئارقىغا قايتىشتى. قەلبلىرىدە ئانا
دەرياغا بولغان ئاپىرىن ھېسسى ئۆركەشـ
لەيتتى.

ـئېھ، سېخىمەن ئانا دەريا، يورۇقلۇقاش!

(بېشى 40ـ بەتتە)

كەپتۇ. دادام مېجەزىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيـ
تىۋېدى، ئۇ ئاچچىقلاپ دادامنى سىلكىـ
ۋەتتى. بىچارە دادام لام ـ جىم دېمەستىن
بوغالتىرغا ئەگىشىپ كەلتىيار ئامبىرى
تەرەپكە كەتتى. ئەپسۇس، شۇ كۈنى ئۇ
دەل مەن ئولتۇرغان مۇشۇ يەردىن تېيىلىپ
كېتىپ مۇز ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىكەن...

ـ شۇنىڭدىن بېرى مەن بۇ ئامبار قىنىنى
تاشلىمىدىم. ھەر ۋاقىتىم سۇغا قارىسام داـ
دام سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئالدىمغا چىقـ
قىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. ھەي، دادام بولـ
غان بولـسـا قانچىلىك ياخشى بوـ
لار ئىدى ـ ھە؟ ئوغلىنىڭ بۈگۈنكى ھالـ
تىنى، بوز ئېتىغا مىنىپ تاغمۇ تاغ، داـ
ۋانمۇ ـ داۋان ئېشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرـ
گەن بولسا، قەلبىدە زەررىچە ئارمىنى
قالمىغان بولار ئىدى.

ــ دادا، بولدى ئەمدى، مۇز ئىچىدىن
قايتىپ چىقىڭچۇ، دادىلىق مېھرىڭىزگە يەنە
بىر رەت قېنىۋالاي، دادا، نېمىشقا چىقـ
مايسىز؟ سىز قەيەردە؟ زادى قەيەردە!

# قىيا ئاستىدىكى جەسەت

(ھىكايە)

**قەيسەر ئابدۇقادىر**

پاتىمە بېشىنى سامان تەكىيى ئۈستىدىن سەلكىنە كۆتۈرۈپ، ئۆي ئىچىدىكى تىمۇشـكە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالدى. ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى كىچىككىنە پەنجىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى كۆڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر ئۆمۈز مېھنەت كېچىپ يەتكىچە جاپا تارتقان، ئەمـدىلىكتە ياشىنىپ ھالىدىن كەتكەن دادىسى غازاڭدەك قۇرۇشقا باشلىغان ئۆپكىسىدىن كونا چىغرىق ئايلانغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ ئۇخلاۋاتاتتى. چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان مېھرىبان ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدىلا يىنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قىز ئۆزىگە يىللاردىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتـقان، بەدىنىنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن بۇ تونۇش ئاۋازلارغا قنيالماسلىق بىلەن بىردەم قۇلاق سېلىپ ياتقاندىن كېيىن، ئىككى جەينىكىگە تايىنىپ يېرىم ئۆرە بولدى. يوتقان ئۈستىگە يېپىۋالغان چاپىنىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئۇچىسىغا ساپتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

بۇ پاتىمەنىڭ تۇنجى قېتىم كېچىدە سىرتقا چىقىشى ئەمەس، ھەپتىنىڭ جۈمە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئەل ئۇيقۇغا كېتىپ مەھەللىنى جىمجىتلىق باسقاندا، پاتىمە بۇگۈنكىدەك ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ بۆرە چىلغىسى تەرەپكە باراتتى. ئۇ يەردە يارى ئۇنى تەشنالىق ئىچىدە كۈتۈپ تۇراتتى. شادىر ھەمىشە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان

نەرسىلەرنى سوۋغا قىلاتتى. پاتىمەنىڭ سادىرنى ئىزدىشى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر سوۋغاتلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەر مەھەللىدە ياشىسىمۇ كۆرۈشەلمەيدىغان، قىنيا بېقىپ قارىشالمايدىغان، ئەمما ھامان قەلبىدە سۆيگۈ ئىلاھى سىرپىتىدە چىن ئىشـقى بىلەن سۆيۈپ كەلگەن كىشىسىنى قانـغىچە كۆرۈۋېلىش، ئۇنىڭ جانغا لەززەت بېغىشلايدىغان شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىدى.

لېكىن بۇ كېچە پاتىمەنىڭ تولۇنئايدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل چېھرىنى ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىغانىدى. كۆڭلى دەممۇدەم بۇزۇلۇپ، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. قۇلاق تۈۋىدە ئاخشام ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان قورقۇنچلۇق سۆزلەر جاراڭلايتتى.

«قىزىم، ساڭا بۇ گەپلەرنى قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، بىز تەتۈر پېشانە بەندىلەر ئىكەنمىز. ھۆسنىڭ ساڭا بالا بولدى. بىرەر يېرىڭ ئەيىبلىك يارالغان بولسا كاشكى ... تونۈگۈن مەھەللىنىڭ ئىمامى ئۆيىمىزگە پەتىلەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە رۇستەمباي سېنى ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن چاي ئىچىرۇشكە كەلمەكچى ئىمىش ... قىزىم، سەن ئەقىللىق، بىزنىڭ ھالىمىز ساڭا بەش قولدەك ئايان. تېرىۋاتقان يېرىمىز رۇستەمباينىڭ يېرى، يەۋاتقان ئاشلىقىمىز رۇستەمباينىڭ يېرىدىن چىقـ

قان ئاشلىق... ئاتاڭ بىلەن مېنىڭچە بولـ
غاندىغۇ سېنى سادىرغا ياتلىق قىلغان بولـ
ساق، سېنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ بەختىمىز ئېچىلـ
غان بولاتتى. بىراق، ئىختىيار بىزدە ئەـ
مەسكەن. بىز باينىڭ قولىدىكى ئولجا، ئۇ
بىزنى نېمە قىلاي دېسە شۇنداق قىلىۋېتەـ
لەيدۇ. شۇڭا داداڭ بىلەن ئىككىمىز نائىـ
لاج ماقۇلغا كەلدۇق. جېنىم قىزىم بىزنى
كەچۈر...»

× ×

ئىسلاھات، ئىچىۋېتىشنىڭ شىددەتلىك
دولقۇنى بۇ چەت، تاغلىق يېزىدىمۇ ئۆز
كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئاسفالت
يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەتلىك قۇـ
رۇلۇشلار، يولغا بۆككىدەسا يەتاشلاپ تۇرغان
ياپيېشىل زىننەت دەرەخلىرى تاغ كىـ
شىلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان
تۇرمۇشىدىن دېرەك بېرەتتى.

قۇياش زېمىنغا ئىللىق نۇرىنى چېچىپ
تۇرغان مۇشۇ پەيتتە چىنە خىش، چاقچۇق
خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن يېزىلىق ھۆـ
كۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋـ
تىدىكى بىر ياتاقتا بىر يىگىت ئالدىداتاـ
تىنىپ تۇرغان ئۇن سەككىز ياشلاردىكى
بىر قىزغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىـ
ماقتا.

— گۈلشەن، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ئىككى
يىلدىن بېرى سىزنى ئەسلا ئۇنتالمىدىم.
كۆز ئالدىمدىن بىر كۈنمۇ نېرى كەتمىدىـ
ڭىز. مەن ئاخىرى شۇنىچۈشەندىمكى، سىزـ
دىن ئايرىلسام مېنىڭبۇ دۇنيادا ياشىشىمـ
نىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن...
مەنبۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەندە ئۆزۈمـ
نىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىق قىلغانلىقىمنى
بىلىپكۆپ پۇشايمان يېدىم، ئازابلاندىم...
— سىز مېنى تاشلاپ يىراققاكەتتىڭىز،
چاقىرسام ئاۋازىم، قارىسام كۆزۈم يەتمەـ
دى. ئەركىشىدېگەن سىزگە ئوخشاش تاش
يۈرەك بولامدىكىن؟ ئىككى يىلدىن بېرى
بىرەر قېتىم كېلىپ بىچارە قۇشقىچىڭىزنى
يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭىز. بۇ قۇشقاچـ
نىڭ نالىلىق سايراشلىرى ئاينىمۇ يىغلىـ
تىدۇ، قۇياشنىمۇ خىرەلەشتۈرىدۇ، لېكىن
سىز...

— بولدىگەپ قىلماڭ، بۇنىڭسىزمۇ ئېـ
زىلىپ كەتكەن يۈرىكىمنى قايتا ئازابلىـ
ماڭ.خۇدا ئۆزى گۇۋاھ بولسۇن، مەنسىزـ
نى ئەمرىمگە ئالىمەن. ئەتىلا ئۆيىڭىزگە
ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ بارىمەن...

× ×

كىشىلەر بۇ يەرنى«بۆرە جىلغىسى»، يەـ
نى «بۆرە قىياسى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۆرە
قىياسى يىراقتىن قارىغاندا راستىنلا زوڭـ
زىيىپ ئولتۇرغان بۆرىگە ئوخشايدۇ. بۇ
بۆرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەسكە قارايدىـ
غان بولسا جىلغىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئاـ
دەمنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى پىقىـ
راپ كېتىدۇ. قىيانىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىـ
كى بۇلاقنىڭ كۆزىدىن بارماقچىلىك سۇـ
پەسكە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ بۇـ
لاق توغرىسىدا ئەل ئارىسىدا خىلمۇ خىل
رىۋايەتلەر تارقالغان. ياشلار ئۇنى بەختـ
سىز ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كۆزىدىن ئاقـ
قان ياش دېيىشىدۇ. ياشانغانلار بولسا بۇ
قايسىدۇر بىر ئۇلۇغ ئەۋلىيانىڭ كۆز يېشى،
رىياكارلىق، پەسكەشلىك كۈنسېرى كۆپىـ
يەۋاتقان بۇ دۇنياغا نەپرەتلىنىپ، بىچاـ
رىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، كۆز يېشى قىلىـ
دۇ - دېيىشىدۇ ھەمدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ
ئەۋلىيانىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەت بىـ
لەن قىيانى يېرىپ چىقىپ، پانىيدۇنيادىـ
كى بارلىق جىنايەتلەرنى يوقىتىپ، جاـ

پاكەش ئىنسانلارغا ئاسايىشلىق ئېلىپ
كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇگۇن سەيشەنبە بولغاچقا، سادىر بۆرە
جىلغىسىغا بارمىدى، كەچ كىرىپ قاراڭغۇ
چۈشكىچە ئىشلەپ، قاتتىق چارچىغان-
لىقتىن يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

يېرىم كېچىدە بىرسى ئىشىكنى ئەنسىز
چېكىپ سادىرنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈ-
رىكى قانداقتۇر بىرشۇملۇقنى ئالدىن سەز-
گەندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇردى. ئىك-
كى قەدەم چاماداپ ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆ-
تۈپ، سىرتتىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى.
بىر ئايال بوش ئاۋازدا ئۇنى چاقىرىۋا-
تاتتى.

— سادىر ... سادىر ...

سادىر ئىشىكنى كۆچەپ تارتىۋىدى، ئى-
شىك غىچىرلاپ ئىچ تەرەپكە قىيسىيىپ
قالدى.

— هوي...بۇ سىزمىدىڭىز؟ - سادىر ئى-
شىك ئالدىدا ئاق ياغلىقى بىلەن يۈزى-
نىڭ يېرىمىنى يېپىپ، ماتا چاپىنىغا چىڭ
ئورىنىۋالغان پاتىمەنى كۆرۈپ هەيران قال-
دى، - قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

ئۇ ئىشىكنى توسۇپ تۇرغان زور گەۋ-
دىسىنى يانغا بۇراپ پاتىمەگە يول بەر-
دى. پاتىمە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن،
سادىر سۇپا تەرەپكە مېڭىپ، تەكچى ئاستى-
نى سىيلاشتۇرۇپ سەرەڭگىنى تاپتى -دە، جىن
چىراغنى ياندۇردى. ئۆي ئىچى يورىغاندىن
كېيىن بۇرۇلۇپ پاتىمەگە قارىغانىدى،
جىن چىراغنىڭ ئەلەڭلەپ
تۇرغان ئاجىز نۇرىدا قىزنىڭ ۋەھىمىت-
لىك چىرايى، چەكچىيىپ چانىقىدىن چى-
قىپ كېتەي دەپ قالغان كۆزلىرى ئايان
بولدى. سادىرنىڭ كۆڭلىدىن دەرهاللا
«بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ
ئىلگىرىكى پاك تەبەسسۇم، يېقىملىق

كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى نەگە
كەتتىكىنا؟» دېگەن خىيال لىپ قىلىپ
كېچىپ، دەرهال قىزنىڭ قولىنى ئالقان-
لىرى ئارىسىغا ئالغىنىچە، قايغۇ - هەس-
رەت ئىپادىلىنىپ تۇرغان مۆڭلۈق كۆز-
لىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

شۇ تاپتا پاتىمەنىڭ قوللىرى مۇز-
دەك سوغ ئىدى. تېنى بوراندا قالغان
ياپراقتەك تىترەپ، ماغدۇرسىزلانغان
پۇتلىرى بىلەن ئۆرە تۇرالماي سادىرغا
يۆلىنىپ قالدى.

سىرتتا شامال هۇشقۇيتاتتى، دەممۇدەم
ئۇرۇلغان شامال هاڭگىرقاي تۇرغان ئى-
شىكتىن گۇرۇلدەپ كىرىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ-
لىرىغا ئۇرۇلاتتى. جىن چىراغنىڭ ئاجىز
يالقۇنى قاراڭغۇ زۇلمەت بىلەن يىگانە
ئېلىشماقچى بولغاندەك، ئۆزىنى هەر تە-
رەپكە زەرپ بىلەن ئۇراتتى.

— سادىر، ئىشىكنى يېپىۋېتىڭ، - دەپ
بوشقىنا پىچىرلىدى پاتىمە.

× ×

بىرەر كۈنمۇ ياشلىق باهارىنىڭ پەي-
زىنى سۆرەلمەي ئۆمرىنىڭ قىش پەسلىگە
قەدەم قويغان بۇ قىز مۇشۇ زېمىندا بىز
بىلەن بىللە ياشىغان.

گۈلشەن ئېرىق بويىدا تۈگۈلۈپ ئول-
تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلىماقتا. بارماقلىرى
ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن مەرۋايىت-
تەك ياش تامچىلىرى ئېرىق سۈيىگە
تامچىلىماقتا.

بۇ چۈشمۇ؟ شۇنداق، بىر چۈش، قا-
باهەتلىك بىر چۈش! سۆيگۈگە تەشنا يۈ-
رەكلىرى مۇهەببەت قۇياشىنىڭ ئىللىق
نۇرى بىلەن يورۇغان ئىككى ياش، مۇهەب-
بەتنىڭ ئالتۇن قەسرىگە ئەمدىلا قەدەم
قويۇشى بىلەن كۈچلۈك، ۋەھشى قارا بو-

ران ئۇلارنى تۇيۇقسىز چوڭقۇر ھاڭغا چۆ-
شۈرۈۋەتتى.

ساقىدەك دۈپ - دۈگىلەك، پۇت-قول-
لىرى ھېسسىپتەك تىقىلىپ كەتكەن، ئۇپا-
ئەڭلىكنى بولۇشىغا سۈرتكىنىدىن، ئالا-
چىپار يۈزىدىن كۆزلىرىنى تاپقىلى بول-
مايدىغان كۆتكۈچى ئايال پىلىمۇتتەك
تاتىلدىماقتا. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ
چىقىۋاتقىنى سۆز ئەمەس، بەلكى مىڭلى-
غان زەھەرلىك ئوق!

— ئەمدى ھەر قايسىڭ بۇلغىمىغان
مۇشۇ يەر قالدىمۇ؟ ھۇ ئۇياتسىزلار، بې-
لىپ قويۇشقىنىڭنى، بۇ دېگەن پاھىشىخانا
ئەمەس، مېھمانخانا.

ئۇچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك،
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە، قورقۇنچ ۋە
ئالاقزادىلىك باسقان گۈلشەن بىر نەچچە
سىكۇنتقىچە ئەقىل-ئېدرىكىدىن ئايرى-
لىپ قالدى. تىتلى گەپكە كەلمەي، كۆت-
كۈچى ئايالغا تىكىلىپلا قالدى. نىھايەت
ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاخىرى مۇنۇ سۆز-
لەر ئېنىق ئاڭلاندى:

— سېنىڭ ئۇستاڭ دىيانەتلىك بىر ئا-
دەم ئىدى. قانداقسىگە ئۇنىڭ شاگىرتلى-
رى ئىچىدىن سېنىڭدەك بۇزۇقنىڭ چىقىپ
قالغانلىقىغا ھەيرانمەن. مەن ھازىرلا
ئۇستاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ شەرمەن-
دىچىلىكىڭنى چىتقا يايمەن.

— مەن نېمە قىلدىم؟ - گۈلشەن بۇ
ھاقارەتكە چىدىماي، قوللىرى بىلەن كۆ-
زىنى توسۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— نېمە قىلدىم دەيسەنا؟ ھۇ داپ يۈز،
مانا پۇرلاشقان مۇنۇ ئەديىيال - كۆرپە
ئۈستىدىكى بۇ داغلار سېنىڭ نېمە قىلغان-
لىقىڭنى ئوبدانلا ئېيتىپ بېرىدۇ.

— بۇ نەرسىلەر بىز كىرىشتىن ئىلگى-
رىمۇ شۇنداق ئىكەن. بىزگە بىھۇدە ئازار
بەرمىسىلە، - دەپ يالۋۇردى يىگىتمۇ.

— مېنى ئالدايمەن دېمىشمە. سەندەك
زىناخورلارنى بىر شەرمەندە قىلمىسام قا-
راپ تۇرۇش، - كۆتكۈچى ئايال ئىشىكنى
غەزەپ بىلەن يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

گۈلشەن ئېسەدەپ يىغلايتتى. پۈتۈن
بەدىنى بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترەيتتى.
ئۆزىنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقىچە كىشى-
لەر نەزەرىدىكى گۇناھكارغا ئايلىنىپ
قالغانلىقىنى ئويلىسا، ئازابلىق يىغىسى
تېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئۆزىنى پۈتۈنلەي
تۈگەشكەندەك، جىسمىدىكى ھاياتلىقنىڭ
ئالدىدىكى ئېرىق سۈيى بىلەن بىرگە ئې-
قىپ تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.
«ئەمدى ئۇستامنىڭ چىرايىغا قايسى يۈ-
زۈم بىلەن قارايمەن؟» دەپ ئويلايتتى
ئۇ لەۋلىرىنىڭ قاناپ كەتكەنلىكىنىمۇ
سەزمەستىن قاتتىق چىشلەپ تۇرۇپ. ئۇ
ئاخىرى دەلدۈگۈنىپ ئورنىدىن تۇردى-دە،
كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈ-
ۋېتىپ، يىراقتا قالغان ئانا ماكانىنى كۆزلەپ
«قايدىسەن مېھرىبان ئانا» دەپ پىغان-
لىق نالە قىلغىنىچە ئېگىز - پەس يولدا
دەلدەڭشىپ مېڭىشقا باشلىدى.

× ×

— دوك... دوك... دوك!

ئىشىك زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. سادىر
ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. پاتمە
قورقىنىدىن ئىككى قولىنى قېپىدىن چى-
قىپ كەتكۈدەك ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرى-
كىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يامغۇردا قالغان
قۇش بالىسىدەك تۈگۈلۈپ قالدى.

— كىم؟ - ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان
سادىر سورىدى.

— بىز، ئىشىكنى ئاچ! - دەپ ۋارقىرى-

غان قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىشىك تې-
خىمۇ كۈچلۈك ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

سادىر مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ، ئى-
شىك تەرەپكە ئاستا سىلجىپ باردى. ئۇ-
نىڭغا ئايان، ئىشىك سىرتىدا بىر توپ
چىل بۆرە ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ بەخ-
تىنى يېمەكچى بولۇپ، خىرىس قىلىپ تۇ-
رۇشۇپتۇ. بېشىغا كىرلەشكەن سەللە ئو-
راپ ئاغزىدىن ئىمانىنى چۈشۈرمەيدىغان
بۇ مۇناپىقلار ئاللانىڭ ئىنسان قەلبىگە
ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە — مۇھەببەتنى ئاتا قىل-
غانلىقىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويۇشمايدۇ.
ياق، بۇ توڭگۈزلارنى ئۆيگە كىرگۈزۈشكە
بولمايدۇ. جانانىمنىڭ يۇلتۇز كەبى كۆز-
لىرى بۇلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمى-
سۇن. ئۇنىڭ قىزىلگۈل بەرگىدەك نا-
زۇك لەۋلىرى ياۋۇزلار ئالدىدا تىترىمىسۇن.
ئۇنىڭ تولۇنئايدەك چېھرى شەپقەتسىز-
لەر ئالدىدا خىرەلەشمىسۇن...

— ئىشىكنى ئاچ، ھۇ زىناخورلار... —
باينىڭ مالايلىرى چۇقان سېلىشاتتى. كۈچ-
لۈك ئۇرۇلۇۋاتقان ئىشىك ھېلىلا ئاجراپ
چۈشۈدىغاندەك لەپپەڭشىيتتى. ئۆينى گۆ-
رىستان قاراڭغۇلۇقى قاپلىغانىدى. ئىشىك-
نىڭ گۈمبۈرلەپ ئۇرۇلۇشىدىن يېقىن ئەت-
راپتىكى ئىتلار قاۋاپ كېتىشتى. پاتىمە
تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ پالاكەتتىن گاڭگى-
راپ ئۆزىنىڭ راستىلا تەتۈر پېشانە ئى-
كەنلىكىگە ئىشىنىپ، يۇم - يۇم يىغلىماقتا
ئىدى. بۇ ياۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ
كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپلا تۈگەشسەم دەپ
تىلەيتتى...

بىر ھازا تىكىرقاپ تۇرۇپ كەتكەندىن
كېيىن، سادىر بىردىنلا ئەقلىگە كەلگەن-
دەك بولدى - دە، تام تۈۋىگە يۆلەپ قو-
يۇلغان كالتەكنى قولىغا ئېلىپ، دەمنى

بىرلا تېپىپ چۆردۈەتتى - دە، سىرتقا ئې-
تىلىپ چىقتى.

— سادىر، — دەپ توۋلاپ قالدى پاتىمە.

«تاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا سادىر
گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى. كالتەك سادىرنىڭ
بېشىغا ئەمەس، ئۆز يۈرىكىگە تېگىپ مە-
جىلىپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتكەن پا-
تىمە «سادىر!» دەپ ئەلەملىك توۋلىغى-
نىچە يەردە ياتقان سادىرغا ئۆزىنى ئاتتى.

سادىر ئىشىكتىن چىقىشىغا پايلاپ تۇرغان
بىرسى ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇ-
ۋەتكەنىدى. سادىر ئېڭىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي
يەرگە گۈپپىلا يىقىلغانچە مىدىرلىماستىن يېتىپ
قالدى. چوماقچىلار سادىرغا ۋە ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كەتكەن پا-
تىمەگە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىش-
تى. ئۇلار ئىشنىڭ بۇنداق ئاقىۋەت بى-
لەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەل-
تۈرۈپ باقمىغانىدى. پەقەت «زىناخورلار»-
نى ئۇستىدىن تۇتۇۋېلىپ باينىڭ ئالدى-
غا ئېلىپ بېرىپ ئىنئام ئېلىش، شۇندىقلا
«مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش» ئۈ-
چۈن كېلىشكەنىدى !: ئەمدى ئۇلار سا-
دىرنى «ئۆلدى» دەپ ئويلىشىپ، قورقۇش-
قان ھالدا تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كې-
تىشتى.

— پاتىمە سادىرنىڭ تېنىنى چىڭ قۇچا-
لاپ ھەسرەت بىلەن ئۆزۈنغىچە يىغلىدى.
ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى جىمجىت مەھەللە ئاس-
مىنىدا ئۇزۇنغىچە كېچىپ يۈردى. ئەتىسى
سەھەردە كىشىلەر بۆرە قىياسىنىڭ ئاستى-
دىن پاتىمىنىڭ جەسىتىنى تاپتى. ئۇ قى-
يادىن ئۆزىنى تاشلىۋالغانىدى.

× ×

ئۈچ كۈندىن كېيىن گۈلشەننىڭ كۆزىدىن
ياش قۇرىمىدى. ئانا ھەر قانچە قىلىپمۇ

قىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. گۈلشەن قاتتىق ئازابچەكمەكتە ئىدى. چىرايى تېزلا سارغىيىپ، ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمنىڭكىدەك جۈدەپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى خۇشخۇي مىجەزىدىن، شوخ، تېتىك روھى ھالىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى. ئۇ مەھەللىدە ھېچكىمگە ئارىلاشمايتتى. كۈندىلا بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارايتتى. ئۇ باشقىچىلا بىر ئىنسانغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

گۈلشەن كېلىپ تۆت كۈندىن كېيىن ئانىسى بازاردىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئادەمنى يەۋەتكۈدەك چەكچەيگەن كۆزلىرى ھويلا ئىچىدە بىر ئايلىنىپ سۇپىدا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە پىياز ئاقلاپ ئولتۇرغان گۈلشەنگە تىكىلدى. گۈلشەن ئاكىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھارۋىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىدىنلا بىلىپ بولغانىدى. سىڭلىسىنىڭ قىمىر قىلماستىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئاكىسىنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتتىدە، ئالدىراش ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ياقىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ كاچىتىغا ئىككى ئەستەك سالدى.

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟!- ئانا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوغلىنى ئىتتىرىۋەتتى. ئوغلى بىر نەچچە قەدەم دەلدۈگىنىپ بېرىپ لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاپا!- دەپ ۋارقىرىدى ئوغۇل.- ئۇ بىزنىڭ يۈز ئابرۇيىمىزنى تۆكتى. مېنىڭ ئۇنداق سىڭلىم يوق.

ئانا گۈلشەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەك بولۇپ قولىنى ئۇزاتتىيۇ، قولى ھاۋادا توختاپ قالدى. گۈلشەننىڭ ئىككىلا يۈزىگە بەش بارماقنىڭ ئىزى تامغا باسقاندەك چۈشكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزىدە خاتىرجەملىك، ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا بولغان ئىشەنچ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قىلچە ئاغرىنغانلىق، ئازابلانغانلىق ئالامىتى يوق ئىدى. گۈلشەن قوللىرىغا يۇقۇپ قالغان پىياز شۆپەكلىرىنى ئاستا قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى - دە، چېلەكنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

× ×

ئەمدىلا سۈبھى كۆتۈرۈلگەن پەيت.

بېلى مۆكچەيگەن، ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان سادىر بوۋاي شاخ - شۇمبا تېرىپ يۈرۈپ بۆرە قىياسىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن بىر قىزنىڭ جەسىتىنى ئۇچراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ جەسەت بۇنىڭدىن قىرىق بەش يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن مەشۇقى پاتىمەنىڭ جەسىتىدەك بىلىنىپ كەتتى. بوۋاي ئەلەملىك ئۇھ تارتىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى قوينىغا تىقىپ كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىماي ساقلاپ كەلگەن پاتىمەنىڭ ئاق ياغلىقىنى ئېلىپ قىزنىڭ يۈزىگە ئاۋايلاپ ياپتى. ئاندىن ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. تاكى شەرقتىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ساقىلىنى ئالتۇنرەڭگە پۈركىگىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى.

# مېھىر

(ھېكايە)

قەمبەرنىسا مەتنۇرى

بۇ يەرنى كىشىلەر «كالتىيار سۇئامبىرى» دېيىشىدۇ . مەھەللىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان بۇ يەر ماڭا شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلىدۇ . مەيلى زېمىستان قىشىنىڭ قاتتىق جۇدۇن كۈنلىرى بولسۇن ياكى تومۇزغىلار چىرىلداپ ئادەمگە ئاراملىق بەرمەيدىغان ، پىژغىرىم ئىسسىقتا ئادەمنىڭ مېڭىسى ئۇماچتەك قاينايدىغان چاغلار بولسۇن ، مەن بۇ جاينىڭ دائىملىق مېھمىنى . باھار كەلسە ئامبار ئەتراپى شۇنداق گۈزەللىشىپ كېتىدۇ . كەگرى كەتكەن سۇ يۈزى ، قىرغاقلاردىكى ياپيېشىل جۇلالىنىپ تۇرغان چىمەنزار ئوتلاقلار ، قىزلارنىڭ قىرىق ئۆرۈم چېچىدەك ساڭگىلاپ سۇ يۈزىگە سۆيۈپ تۇرغان ئەبرىشىم چوكانتاللار ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ . بىراق مەن بۇ يەرگە سۇغا چۆمۈلگىلى ياكى باھارسەيلىسى قىلغىلى كەلمەيمەن. مەن پەقەت مېھرىبان دادامنىڭ قۇياشكەبى ئىللىق ھەم يېقىملىق، ئەمما جاپامۇشەققەتنىڭ ئىزناسى قېتىپ قالغان مىسكىن چىرايىنى كۆرگىلى ، ئۇنىڭ ئىللىق مېھرىگە بولغان تەشنالىقىمنى قاندۇرغىلى كېلىمەن.

مەن تېخى ئەدەكلا يالغۇز قالغان بىر يېتىم ئوغۇل. مېنىڭ نە ئاتا - ئانام، نە ئاكا - سىڭىللىرىم يوق. ئانام چۈشۈمدە كۆرگەندەكلا يادىمدا. ئۇنىڭ چىرايىنى غۇۋا ئەسلىيەلەيمەن. ئۇ ئۈچ يېشىمدا دادام ئىككىمىزنى ھىجراندا قويۇپ، بىزدىن مەڭگۈلۈك خوشلاشقانىكەن. ئەمدىلىكتە ھايات پەلەمپىيىنىڭ باسقۇچلىرىدا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن كېتىۋاتقان، تەنھالىق، مىسكىنلىك ۋە سېغىنىش روھىيىتىمنى قاماللاپ ئالغان مۇشۇ كۈنلەر ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىمنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمەكتە. نېمە دېگەن تاتلىق مىنۇتلار ئىدى - ھە؟!

گەرچە مەن ئانامدىن كىچىك قالغان بولساممۇ، دادام ئانامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي، ماڭا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ چوڭ قىلغانىدى. مېنى ئاشۇ كالتىيار سۇ ئامبىرىغا بېرىپ، يارنىڭ قىنىدا تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ، ئېگىكىمنى تىزلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، مۇڭباسقان كۆزۈمنى سۇ يۈزىدە غىل - پال ئەكس ئېتىدىغان دادامنىڭ ئىللىق چىرايىنى كۆرۈشكە تەشنا قىلغان بۇ كۈچ دەل ئاشۇ بالىلىقنىڭ شېرىن ئەسلىمىسى ئىدى. مەن مۇشۇ مەنزىرىگە، مۇشۇمەنزىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئاشۇ بالىلىق دەۋرىمنىڭ ئۇنتۇلماس يالدامىسى بولغان دادامنىڭ مېھنەت سۆيەر، كۆيۈمچان روھىنى ئەسلىگەن ھالدا ھەر قېتىم ئامبارغا قارىسام، دادام سۇ يۈزىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ خۇددى مېنى باغرىغا باسىدىغاندەك ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ كۆتۈرىدۇ. مەن سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە

كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى
ئاتىمەن. ئاتىلىق مېھرىدىن بىردەمگىنە
بولسىمۇ لەززەتلىنىمەن. بىر چاغلاردا خې-
يالىي تۇيغۇ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ،
دادامنىڭ ئىللىق مېھرىگە قانىمىغان هال-
دا سۇدىن چىقىشقا مەجبۇر بولىمەن.
سۇدىن چىقىپلا قىران بۇركۇتتەك تىپىرلا-
ۋاتقان يۇرىكىم، سۇدا ئۇزۇن تۇرغانلى-
قىمدىن ماغدۇرسىزلىنىپ تىترەۋاتقان بە-
دەنلىرىمگە قاراپ بۇنىڭ چۇشۇم ياكى ئو-
ڭۇملۇقىنى هېس قىلالمايمەن. شۇ چاغدا
دۇگىلەك-دۇگىلەك چەمبەرلەرنى يىغىۋات-
قان سۇغا قاراپ نېدا قىلىمەن:

— دادا، مەن ساراڭ بولىمىدىم. سىز
هىلىلا ئىككى قولىڭىزنى كەڭ ئېچىپ، ما-
ڭا قاراپ كۇلۇمسىرەپ تۇراتتىڭىز. مەن
ئۆزۈمنى ئېتىشىم بىلەنلا سىز يوقاپ كەت-
تىڭىز. دادا، سىز قەيەردە، زادى
قەيەردە...!

مېنىڭ ئاۋازىم كالتىيار سۇ ئامبىرى
ئۇستىدە بېلىق قوغلاپ لەيلىشىپ يۇرگەن
ياۋا ئۆردەكلەرنى ئۇركۇتكەندىن كېيىن
سۇ يۇزىگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كەتتى.

× ×

بىزنىڭ كېچىكتە بىر ئۆيىمىز بار ئى-
دى. ئۆي ئىچى ناهايىتى ئاددىي بولۇپ،
ئارتۇقچە بىسا تىمىزمۇ يوق ئىدى. هوي-
لىمىز خېلىلا كەڭرى بولسىمۇ چەللىلەر-
دىن ساڭگىلاپ تۇرغان شاخ - شۇمبىلار ۋە
تال پىلەكلىرىدىن توقۇلغان هويلا ئىشى-
كى ئۆيىمىزنى ۋەيرانە كۆرسىتىپ تۇرات-
تى. لېكىن بۇ هويلا مېنىڭ نەزەرىمدە شاھ
ئوردىلىرىدىن ياخشى ئىدى. دادامنىڭ
نېمە ئوقەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.
ئۇ مېنى هەر كۇنى ئاشۇ هويلىمىزغا سو-
لاپ قويۇپ قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالاتتى،
كەچ كىرگەندە هارغىنلىق بىلەن قايتىپ
كېلەتتى. ئۇ هەر قېتىم سىرتتىن كەلسە
ماڭا ئۇنى - بۇنى ئالغاچ كېلەتتى. مەن
دادامنىڭ قولىدىن بىر تال سويما، بىر-
ئىككى دانە ئالما دېگەندەك نەرسىلەرنى
ئېلىۋېتىپ ئامراقلىق بىلەن ئەركىلەپ
قويسام دادامنىڭ هارغىنلىق، مىسكىنلىك
چىقىپ تۇرغان چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە
قىلاتتى.

كۇنلەر ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى.
مەنمۇ يىغلاپ-قاقشاپ سەككىز ياشنىڭقا-
رىسىنى ئالدىم.

بىر كۇنى دادام نېمىشقىدۇر سىرتقا چىق-
مىدى. دائىم يالغۇزلۇقتا ئۆتۈپ زېرىكىپ
كەتكەچكىمۇ، ئەيتاۋۇر دادامغا «ئات مې-
نىمەن» دەپ ئەركىلەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ
ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئات تۇگۇل ئېشىكىمىز-
مۇ يوق ئىدى. دادام مېنىڭ خۇشاللىقىم
ئۇچۇن ئات بولۇپ، مېنى گەجگىسىگە مىن-
دۇرۇپ هويلا ئىچىدە بىر پەس چاپتى.
توساتتىن چىرايى ئۆڭۇپ، يەرگە يىقىلغان
دادامنىڭ ئۇستىدىن دومىلاپ چۇشۇپ قور-
قۇپ كەتتىم. ئاھ خۇدا... بۇ نېمە ئىش؟
مەن نېمىشقا دادامنىڭ ئۆپكە كېسىلى بار-
لىقىنى شۇ چاغدا هېس قىلمىغاندىمەن؟
مەن هودۇققان هالدا دادامنى
يۆلىدىم. ئۇ هاسىرىغىنىچە ئاستا
ئورنىدىن تۇردى...

ئەنە، دادام سۇ يۇزىدىن ئاستا - ئاستا
كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. مەن قىرغاقتىكى مۇشۇ
پايانداز ئۇستىدە تۇرۇپ هەممىنى بىلى-
ۋاتىمەن، هەممە نەرسىنىڭ قەدرىگە يې-
تىۋاتىمەن. يېنىمدا بوز ئېتىم ئوتلىماقتا.
مەن سۇ يۇزىگە قاراپ نېدا قىلىشقا باشلىدىم:

— دادا، مەن سىزنىڭ ئەجرىڭىزدە ئەر
بولۇپ يېتىلدىم. ئەقلىمگە كەلگەندىن

بېرى سىز ئۈچۈن مۇشۇ بوز ئاتنى بېقىپ چوڭ قىلدىم. مانا، ئات ئالدىڭىزدىلا تۇرۇپتۇ. سىزنى مىندۇرۇپ، چۆلـۋۇردىن يېتىلەپ يەر ـ جاھاننى بىر ئايلاندۇرسام دەيمەن. دادا، بۇ ياققا چىقىڭە! مەن سىزنى بىر كۆتۈرۈپلا ئاتنىڭ ئۈستىگە ئالالايمەن. قېنى سىز دادا؟

مېنىڭ بۇ يۈرەكنى ئەزگۈچى پىغانلىق ئاۋازىم كالتىيار سۇ ئامبىرى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئەكس سادالارنى ئاپىرىدە قىلدى.

× ×

باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلغان، باغ ـ ئورمانلارنى قاردەك ئاپئاق چېچەك قاپلىغان چاغلار كەلسىلا مەن يەنىلا دادامنى ئەسلەپ قالىمەن...

باھار زېمىنغا گۈزەللىك بەخش ئەتكەن ئاشۇ كۈنلەردە مەن قىن ـ قىنىمغا سىغماي قالاتتىم. نېمىشقىكىن ئاشۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرنى كىچىكىمدىن ئاچكۆزلەرچە ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ چاغلاردا دادام مېنى مەكتەپكە بەرگەنىدى. بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام كوچىلاردا بىر توپ بالىلارنىڭ چېچەك ئويناپ يۈرگەنلىكى كۆزۈمگە چېلىقتى. مەن ئۇلارغا شۇنچە يېلىنىپ يالۋۇرغان بولسامۇ چېچەكتىن بىرەر تالمۇ بېرىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل ئۆيگە چاپتىم ـ دە، سامانلىقنى ئوڭلاۋاتقان دادامغا «چېچەك ئوينايمەن، چېچەك ئېلىپ بەر» دەپ قەغىشلىك قىلىشقا باشلىدىم.

— بالام، چېچەكنى ئوينىسا يامان بولىدۇ،— دېدى دادام، — ئۇ دېگەن باھاردا چېچەكلەپ يازدا مېۋە بېرىدىغان خىسلەتلىك نەرسە. ئۇنى ئالسا ئادەمنىڭ قولى قۇرۇپ كېتىدۇ.

بىراق مېنىڭ جېدەللىرىم بۇنىڭ بىلەن بېسىلمىدى. مەن ھويلىنى بېشىمغا كىيىپ يىغلاشقا باشلىدىم. دادام نائىلاج چېچەك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن باغقا كىرىپ كەتتى. دادامنى خېلىلا كۈتتۈم. ھېچ چىقمىدىغاندەك ئەمەس. تاقىتىم تاق بولۇپ، دادامنىڭ ئارقىسىدىن ئىزلاپ باغقا كىردىم. ئاھ، مەن نېمىنى كۆردۈم؟ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. يەردە ياتقان دادام ئەمەسمۇ؟ ئېسىت، نېمىشقىمۇ چېچەك غەۋغاسى قىلغان بولغىيدىم؟ دادام چېچەك ئېلىۋاتقاندا قولى شاختىن ئاجراپ كېتىپ دەرەختىن يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. دادامنىڭ يۈز-كۆزلىرى توپىغا مىلىنىپ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى...

مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا رەھمەتلىك دادامغا سالغان جەۋرى جاپايىمدىن ئۆكۈنۈپ كېتىمەن. ھەي تەنتەك بالىلىق چاغلار...

— دادا، كېلىڭا، مەن سىزگە ئۆزۈم ئۆستۈرۈپ پەرۋىش قىلغان گۈللەردىن دەستە تىزىپ كەلدىم. بۇ گۈلدەستىنى سىزگە تەلپۈنۈپ تۇرغان چوغدەك يۈرىكىم بىلەن قوشۇپ سۇنماقچىمەن. قۇچىقىڭىزنى ئېچىڭە جان دادا، مەنمۇ ئاشۇ چېچەككە ئوخشاش ئېچىلدىم. يېقىن كەلگۈسىدە مېۋە بېرىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. مېنىڭ ئاشۇ مېۋەمنى ئاتىلىق ھېسسىياتىڭىز بىلەن بىر تېتىپ كۆرۈپ ئاندىن كەتكەن بولسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

بىراق، ئاشۇ كۈن زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دادام ئاغرىپ ياتاتتى. ئەترەت بوغالتىرى ئۇنى ئامبار مۇھاپىزىتى ھاشىرىغا تىزىملاپ

(ئاخىرى 31-بەتتە)

# تەۋەررۇك

(ھېكايە)

تۇرسۇنتوختى سۇلايمان

1

«گۈلباغ» يېزىسىنىڭ 1984 - يىلى «بىر قولىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى، يەنە بىر قولىدا چارۋىچىلىقنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش»تىكى بىر يىللىق خىزمىتىدىن خۇلاسە:

— يېزىمىز 1983 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە «قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ قوم تىزگىنلەش» خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، 100 مىڭ يۈەن نەقپۇل بىلەن مۇكاپاتلانغان. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن...

2

«گۈلباغ» يېزىسىنىڭ 1985 - يىلى «يېزا يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلۇق يەككە ماتېرىيالى:

يېزىمىز 1983 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە «قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، قوم تىزگىنلەش» خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، 100 مىڭ يۈەن نەقپۇل بىلەن مۇكاپاتلانغان. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن...

3

«گۈلباغ» يېزىسىنىڭ 1987 - يىلى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى پىلانى:

يېزىمىز 1983 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە «قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، قوم تىزگىنلەش» خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، 100 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلانغان. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن...

4

«گۈلباغ» يېزىسىنىڭ 1991 - يىلى «چارۋا نەسلىنى ياخشىلاپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن مول ھوسۇل ئالغانلىق» توغرىسىدىكى يازما دوكلاتى:

يېزىمىز 1983 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە «قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، قوم تىزگىنلەش» خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 100 مىڭ يۈەن نەقپۇل بىلەن مۇكاپاتلانغان. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن...

5

«گۈلباغ» يېزىسىنىڭ «1992 - يىلى...

يېزىمىز 1983 - يىلى 4 - ئايدا...

ئاھ، خۇدا! بىزنى يېشىل چىراغقا ئوخشاش شەرەپ مۇنبىرىنىڭ يول خېتى بولغان بۇ تەۋەررۇكتىن ئايرىمىغايسەن!؟..

# كاجنى ئوڭشارمىش بازار

## روزى سايىت

شائىر، ژۇرنالىست روزى سايىتنىڭ بۇ يىل 50 ياشقا كىرگەنلىكى، ئىجادىيىتىنىڭ 20 يىللىقا توشقانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۆۋەندىكى شېئىرلىرى نەشرگە سۇنۇلدى.
— تەھرىر بۆلۈم

1

ئۆتتى ئۆمرۈم ماۋسۇمى كۈز پەسلىدىن،
سۆيدى ياش ئەللىكنى يىللار ۋەسلىدىن.
قالدى كەينىمدە دېمەك ئەللىك قەدەم،
ھالقىدىم، ۋاھ، نى «ئېگىز» نى «پەس»
لىدىن.
ئارتقا باقسام ئىزلىرىم نەپىس ئەمەس،
(تەقلىدىم ئۆز نەزمىلىك ئەتلەسلىدىن.)
قىلدى جەۋلان ئىككى ئون يىل گاڭ قەلەم،
رەڭ ئېچىپ باغ، تاغ، ئېتىزدىن، پەسلىدىن...
تۆھپە بەك ئاز، سەھۋە ـ نۇقسانلار تولا،
(بولمىغان ھېچكىم خاتاسىز ئەسلىدىن).
بۇ خۇسۇستا ئۆزرەلىكمەن — يۈز تۆۋەن،
قۇرغاتىمىز غاچ بىر تالاي «ئۆتمەس» لىدىن.
ئاھ! ئۆمۈر مەنزىلىگە قىستايدۇ بۇ دەم،
ئاھ! قەلەم ئەپۇ سورايدۇ نەسلىدىن...

2

بىرسى بىزگە ئۇشبۇ ھېكمەتنى دېگەن:
«ئۆزدە يوقنى بولسا دۈشمەندە ئۆگەن!»
گەرچە پۇلدار كىم ئەقىلدا كەمبەغەل،
نەق گادايى شۇ يەلدە خەستەك لەيلىگەن؛
قىسقا قول ـ مۇھتاج، بىراق چوڭ باي ئاشۇ،
بولسا دىل شامىنى ئەقلى پەرلىگەن.
بىل، ئېغىر كەلمەس كېرەكلىك تاش — كۆتەر،
يىغدى زەر، ياق، يوقنى بىپەم — بىلمىگەن.
بىلمىسەڭ ئىزدەپ، سوراپ بىل، يولى شۇ،
ھېچكىشى تارتماي رىيازەت كۈلمىگەن.
بىلىكى توم بىر نىلا يەڭگەن بىلەن،
بىلىمى چوڭ سالدى تىلسىمغا يۈگەن.
گەپنى ئەگمەي ئۇدۇل دەي: پەيتنى تۇت،
پەيتنى تۇتماي كۆپلىرى پۇشمان يېگەن!

3

سېنىڭدىن سوراپ باردى كىم مەسلىھەت،
بىشەنچ شۇ، ئىشەنچكە مۇھەببەت ئەۋەت.
ئۆزىدىن ئەقىللىق كۆرۈپتۇ سېنى،
دېمەك سەن ئۇنىڭ ھۆرمىتىدە قەۋەت.
ئىشەنچكە ياراش ئەڭ ئۇلۇغ ئىش ـ ئۇلۇغ،
دېمەك بۇ ئۇلۇغلۇقتا روھى سەھەت.
كۆزۈڭ قىيمىغاننى ئاتا قىل ئاڭا،
ئاتا قىلغىنىڭ ئەيلىسۇن كۈچ ـ مەدەت.
قولۇڭدىن كېلەر ئىشنى رەت ئەيلىمە،
يەنە بەرمىگىن مەسلىھەتنى خەلەت.
بىلىپ قوي، ئۇ ھازىر، ھېلى سەن تېخى...
(جاھاننى جاھان قىلغىنى كۈلكە، دەرد).
ئەگەر غەمگۇزارلىق مۇرادىڭ يولى،
تۈمەن ھەج ساۋابى تاپارسەن ئەبەد.

4

ئاسانلىقتا «ماقۇل» دېمەك بەك ئاسان،
كى تەسلىكتە «ياق» تەس، چۈشەرشەك ئاسان.
مىنەر «ماقۇل» ئىگنى بىرى ئات ئېتىپ،
قىلار يۈك تېگىپ بەلنى دۈمچەك ئاسان.
دېدىڭ «ياق!» ـ بۇ «ياق» تىن كۆرەرسەن
ئازار،
ئېتىڭ «كاج»، يولۇڭدا توزاق ـ چەك، ئاسان.

تۇرۇپ چىلك ھەقىقەتتە «ياق!»دە، ئەگەر،
سېنىڭ توغرا، قانچە ئەلەم چەك- ئاسان!
خاتانى قۇۋۋەتلەيدىكەن «ماقۇلۇڭ»،
دېگەي ئەل سېنى ئەسكى، سولتەك ئاسان.
بۇ ھالدا ئىشەنچتىن يىراقسەن، يىراق،
ھارام نەپتە تولغانغا چۆنتەك ئاسان.
دېمە مەيلى قاي سۆزىنى بول ئەھلى مەرد،
دېسە ئەل «ئۇنىڭ راست»، شۇ راست بەك!
ئاسان.

5

بىراۋغا نەسىھەت قىلىش ئەڭ ئاسان،
دېبان: «بول ئەدەبلىك، چىرايلىق ياسان.
بويۇن قۇتقا بولسۇن، مىجەزىڭ بەلەن،
ئۇلۇغلارغا گەپ قىلمىغىن ناپىسسان...»
بىراق، كىم قاچاندا ئۆزىگە - ئۆزى،
بېرىپ باقتى تەنبىھ تۇرۇپ خالىسان؟
ئەمەلسىز نەسىھەت ئېقىش تاپتىمۇ،
ئۆزۈڭ شاش، بۆلەكنى دېگەنگە «توسان».
«چىگىتتەك مېنىڭ، سەندە تاغدەك» دېمە،
ئۇنىڭ «بىرقوشۇق»تۇ، سېنىڭ «بىرقازان»؟
بىرىگە چېچەك ئۆزمىگىن، دەپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ ئوشۇتساڭ شاخ بېغىڭدۇر خازان.
شۇڭا ئۆلگە كۆرسەت جىمى نەرسىدە،
بولۇر شۇندا «مايماق پۇتاق» لار رۇسان.

6

چۆگۈن چوغ ئۈستىگە - قېشىغا تاشار،
ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىغا تاشار.

باتۇرلۇق بىلەكنىڭ كۈچىدە ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭدى كىم ھۆرمىتى ئاشار.
كۆر ئەنە، تۇزى كەم ئۇماچ پىتمىلاپ،
ئۆزىنى ئوچاقنىڭ كۆلىگە قوشار.
ئادىمى خىسلەتنىڭ نۇقسانى «قايناش»،
(تۇڭيېرىم - چايقىلار، تەنتەكلەر شاشار).
جۇر ئەتنىڭ تۇلپىرى چاپسا بۆلەك گەپ،
ئاچچىقنىڭ چاپقۇنى ئەقىلگە ھاشار.
«ئوڭقولۇڭ تىغ تار تىساسول قولدا توختات»
دەيدىغۇ بوۋىلار ئېچىشقاچ قاڭشار.
سەن بۇنى ئەستە تۇت، بولما چېچىلغاق،
چۇس مىجەز ئۆمرىدىن ئاغرىنىپ ياشار.

7

ئۆزىنى بىلمىش ئەھلى ئىنسان ئىشى،
ئۆزىنى سورايدۇ ئەقىللىق كىشى.
ئۆزىگە باھا بەردى كىم بەك ئوشۇق،
ئۆزىنى ئۇرار يەرگە شۇ قىلمىشى.
يوغانلىق — كىبرىنى كۆتۈرمەيدۇ ئەل،
تاپالمايدۇ قونداق تەكەببۇر قۇشى.
تەمەننا - قورام تاش، باسار گەجگىدىن،
ئۇ كىمدە پەيلىشقاي، تۆكۈلگەي چىشى.
بۈگۈن سەن كىيىپ تاج سورارسەن جاھان،
بىراق، ئەتە قانداق پەلەك گەردىشى؟
بۈگۈن تاختا پەردە ئېگىز، سەن - ئېگىز،
قېنى، ئەتە نەدە قاچاڭنىڭ ئېشى؟
شۇڭا كەمتەردىن بول، ئېگىلگىن - ئېگىل،
ئېگىلگەنچە ئۈستۈن كىشىنىڭ بېشى...

# چىرا تەسىراتلىرى

**ئابدۇغېنى سېيىت**

1

سالام ئەي ئەھلى ھۆرمەتلىك چىرىيە ھۆسنى تولۇنئايغا،
چىرىيىلىككە قانات ئۆسكەن ھېكمەتلىك كۆنگە، ھەر ئايغا.
سېنىڭ كى تەۋسىپىڭ بولدى يېڭى ناخشامغا قۇر باشى،
كۆرگەندەك گۈل، قانالمايلا مېنىپ مەن سەيلىدە تايغا.
گويا شەھىرى ئەزىم بوپتۇ ئەنە پاكىز بازار ـ شەھىرىڭ،
راستلا كۈندۈزگە ئوخشاپتۇ نۇرانە ئاخشىمىڭ، سەھىرىڭ.
نەزەر سالدىم جامالىڭغا گويا مىڭ كۆزدە ـ ھۆرمەتتە،
تولۇنئايدەك سۈپەت ئاپتۇ يېڭى چىرىيە يېڭى چېھرىڭ.
راۋان يول ئاسفالت، ئەتراپ كۆچەت، گۈل تەكشى رەت ـ رەتتە،
ھەشەملىك ئاشپۇزۇللاردا غىزا، گۆشلۈك پولۇ، بەتتە.
بارار يەردە ئەمەس، ئەينەكتە ماڭغاندەك چىرىيە ئەھلى،
دېھقان شىمزولىرى① قاتناپ تۇرار ھەر ياندا بەس ـ بەستە.
مېنى زەپ مەھلىيا قىلدى توپا② باغى ئانار زارى،
راۋاقتا③ قۇمنى قاچقۇزغان يېشىللىقنىڭ يىداكارى.
چىلانلىقتا گۈلە، چىلان، ياڭاق سەرخىللىقى داستان،
تاۋۇزنىڭ سۇلۇق ـ شەربەتلىكى ئېسىمدە ھەر بارى.
دامىكۇ شاپتۇلى، ئالما ئېسىمدە قالدى ئۇنتۇلماس،
نە ئالما، ئالمىغا پەرۋىش قىلغانىنىڭ ئەجرى ئۇنتۇلماس.
كېۋەزلەر شۇنچە ئوخشاپتۇ، چېتى نەدە ئېتىزلارنىڭ،
دېدىم ئالماس دېگەن نەدە، دېھقانىنىڭ غەيرىتى ئالماس.

2

چىرىيىنىڭ تارىخى، شانى گويا تۇن چاقمىقى چاقناق،
سۈپۈرگە ئاخۇن كەبى مەردلەر داكانى ئۇ بۈيۈك، پارلاق.
ئاشۇ تارىخنى ئەۋلادلار قىلىپ مەشئەل بۈگۈن كۈندە،
يېتىشتى پەن، ھايات سۆيگەن باھادىر قەلبى ئوت ـ قايناق.
ئۇلار شائىر، ئۇلار ئارتىس، ئايان ئەلگە — جامائەتكە،
چىدام ـ ئەجرى بىلەن چۆمدى خەلق قەلبىدە ھۆرمەتكە.
ئۇلاردىن دوستلىرىم باركى مېنى جاندەك قەدىرلەيدۇ،
تۆتەرمەن دوست ۋە ھەمسۆھبەت ئىجادىمدا، شېئىرىيەتتە.

3

خىيالىم كەپتەرى ئۆرلەپ چىرىيە ئاستانىغا قوندى،
ئانارزارنىڭ جەنۇب تاغى — تاغ يۇرت بوستانىغا قوندى.
شېرىنىم دەپ ئانا يۇرتنى، سۇنى شەيداسى — پەرھادى،
تېشىپ تاغ، سۇ ئەكەلگەن شۇ مەردلىك داستانىغا قوندى.

---

① كىچىك ماشىنىنىڭ بىر تۈرى. ②③ چىرىيە ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى.

ئۆزۈمكى ئاپتوبۇس ئىچرە، شۇ كەپتەر كېزىدۇ كۆكنى،
بارار ئۇ كۆز ئېچىپ كەڭ ـ كەڭ ئېلىپ يەلكىگە چوڭ يۆكنى.
كۆرەر گاھ جىلغىلار بويلاپ قۇرۇق يانتاق، قۇمۇش، يۇلغۇن،
چىرايى سۇلغۇن، لېۋى گەز ـ گەز قېرى ياشتىكى دەرد ـ يۆكنى.
شۇ كەپتەر كۆز نۇرى كۆچتى قىلىپ سەيلانە ئۆتمۈشكە،
نە ئۆتمۈش، تېخى ئۈچ يىلچە بۇرۇنقى دەردۇ ـ تەشۋىشكە.
بوستان يۇرتلار بېشى تاغ يۇرت، نېچۈن باقمايدۇ قارلىق تاغ،
نېچۈن يەتمەس بوستانلىقنىڭ ئاھۇ ـ پەريادلىرى ئەرشكە.
شۇ كەپتەر كۆردى چىرىيىدە، يىراقتا توك چىراغ ـ نۇرلۇق،
يىراق بوستان تۈنى زۇلمەت، دېدى: ئاھ بۇ ئازاب ـ خورلۇق،
قىشۇ ـ ياز چاپسىمۇ كەتمەن نېچۈن تولماس تاغار ئاشقا.
چىقىش يولمۇ؟ تىرىك جانغا كۈتۈش، ھەر يىلدا غەمخورلۇق؟
بوستان ئەھلى ئەسىرلەردىن سۇ دەپ چىشىنى بىلەپ ئۆتتى،
تىلەپ يامغۇر كۆتەردى قول، مازارلاردىن تىلەپ ئۆتتى.
جىمىكى ئارزۇسى كەتتى شامالدا توزىغان يەلدەك،
دېدى: بىزمۇ تىرىك جانغۇ سەۋرىنىڭ كاسىسى پۈتتى!
قىشلاق، دەريا بويى كۆكلەم ئاقار زۇمرەت سۈيى قىش ـ ياز،
بويىدا يايرىشىپ ئاھۇ، بۆكەن، كەكلىك، قىلار گۈل ناز.
ئاراقىر ئۈستىدە سەپراس بولۇپ مەددا بوستانلىق،
دېدى: ئالغا! تېشەيلى تاغ، بۈگۈن تەل بولدى جابدۇق ساز.
يۈرەكلەردىن جوتۇلارنىڭ ئۈچىغا كۆچتى ئۇچقۇنلار،
ئاراقىر باغرىنى قاپلاپ كۈنۈ ـ تۈن ناخشا ـ شاۋقۇنلار،
پۈتۈشتى ھەم تالاي جۈپ قىز ـ يىگىت بۇندا ۋىسال كۈنى،
ھەيران باقتى سۈزۈك دىلغا، قىشلاق دەريادا دولقۇنلار.
جاپالىق ئىككى قىش ئۆتتى بوستاندىن ناغرا ئاڭلاندى،
ئۈمىد، ئەجرىگە مىننەتدار بوستانلىق يەڭدى، داڭلاندى.
ئۆتۈپ شۇ تەشىمدىن ئۇيغۇر مىنۇپ ھەم نەچچە ھەمرانى،
بوستانلىققا ھۆر ئىقبالغا مۇھەببەت رىشتە باغلاندى.
دېدى: ھەممە غادايغان تاغ ئارا قىر كۆكسى چاك كەتتى،
سۇ كەلدى ئاھ، قۇرغاق ئاتلىق چايانىڭ كۆكسى ۋاك كەتتى.
پۈتۈپ ئىستانسا يۇرت يورۇپ مالامەتتىن قوتۇلدۇق ئاھ،
ئەنە توك ھەرە، توك تۈگمەن قۇرۇلدى ئىش، يورۇپ كەتتى.

بوستانلىقنىڭ چىرايىدا سائادەت ئەۋجى ئوينايدۇ،
دېھقانىنىڭ ئېتىزى، باغنى شەرەپ ئەگىيدۇ، بويلايدۇ.
باقار ھەر كىم يېڭى گۈلگۈن جۇلالىق ھوجرىغا مەنزۇن،
ئەنە چەكسىز ئۆزۈكزاردىن ۋىسال مەرغۇلى ياڭرايدۇ.
خىيالىم كەپتىرى كۈلگەن شۇ تاغ يۇرتنى كۆرۈپ كەلدى،
پەرھاتلارنىڭ چېكىنسىنى قانات پەردە سۈرۈپ كەلدى.
ئاشۇ سەيلانە پەرۋازىدىن غېنى كۆردى بۈيۈكلۈكنى،
مۇھەببەتلىك قوشاقنى بوستانلىققا تۇتۇپ كەلدى.

1993 - يىل 23 - ئىيۇل، چىرىيە.

# «پاياندار» تېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

## يول ھەققىدە

### ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن

يۇرتۇم مېنىڭ گۈزەل قارىساي،①
مۇساپىسى خېلى ئۇزۇن جاي.
يوقلاش ئۈچۈن ئاتا - ئانامنى،
بارار بولسام يول ئازابى، ۋاي…
ئولتۇراتتۇق سوپەككە،②
ئۇ چاغلاردا نەدە بولكىۋاي؟
«يول ئازابى — گۆرنىڭ ئازابى»،
چاقىراتتى جانلار سازايى.
يوللار قۇملۇق بولغاچ ئېگىز - پەس،
سوپەكچانلار③ ماڭاتتى بەك تەس.
سەكسىنىنچى يىلنىڭ بېشى شۇ،
سۆزلىمەيلى بولدى ئۇنى بەس…

× ×

بۈگۈن بولدى باشقىچە،
خۇشال ئەل-يۇرت، قېرى -ياشقىچە.
دۆلەت بىلەن كوللېكتىپ، خەلق،
سېلىپ مەبلەغ يېتىپ ئاشقىچە.
توشۇپ يولغا شېغىل تاشقىچە،
قۇملۇق يوللار بولۇپ كەتتى ماي.
قاتناش راۋان،
ئىشىمىز ئاسان.
يېغىپ ئامەت قارىسايلىققا،
ئۆيى تولدى دۇنيا-بايلىققا.
مىندى كۆپلەر،
«بەخت»④، «سۇزۇك»⑤ — تاي.
شوپۇرجانلار سىلىق - مۇلايىم،
يولۇچىغا ساقلايدۇ دائىم.
ئۆچرەت تۇتۇپ
شىزو ⑥، بولكىۋاي.
كىرىپ - چىقماق شەھەرگە ئاسان،
باراي دېسەڭ قايەرگە قاچان.
ساقلاپ تۇرماس قاتناشقا،
يىگىت - چوكان، بوۋاي ھەم موماي.
شوپۇرجانلار ئۇزەر كاراپتەك،
يول ئازادە،
تۈپتۈز تاناپتەك،
ئاپتوموبىللار ئاقار سىماپتەك،
ئەجەب ياخشى شارائىت ھاي-ھاي!…

× ×

يوللار، يوللار،
پايانسىز يوللار ،
يول پۈتكىچە قاپارغان قوللار.
يولنى كۆرسەم ئىشچان قوللارغا،
يول ياسىغان قىز - ئوغۇللارغا.
شېئىر سىمدىن تېزىپ گۈل - دەستە،
دەيمەن ئۇنى ھۆرمەتتە تۇتاي.

◁••••••••••••••••••••••••••••••••▷

## كىرگەنمۇ سىز جاڭگالغا؟

### سۇلايمان ھوشۇر

سەن چۆللۈككە بارغانمۇ، كىرگەنمۇ بۈك جاڭگالغا،
زوق بەردىمۇ دىلىڭغا يۇلغۇن، ئازغان چىچېكى؟

---

① قارا قاش ناھىيىسىنىڭ قارىساي يېزىسى، ② ③ قول تراكتورىنى دېمەكچى. ④ ⑤ موتو ئىسىملىرى.
⑥ ئون كىشىلىك پىكاپ.

قانداق سېھىر ـ قانداق ھال بار ئىكەن بۇ جاڭگالدا،
ئېمىلەرنى ئۆيلىدىڭ ئۇيقۇڭ قاچقان كېچىسى؟

كۆردۈڭمۇ سەن بۇلاقنىڭ مۆلدۈرلىگەن كۆزىنى،
بويلىرىدا رەڭ تۈزۈپ ئۆسكەن يۇمران شىۋاقنى؟
قانداق ئىلھام قوزغىدى كۆلچەكتىكى تولۇنئاي،
ئەسلىرىڭگە سالدىمۇ ئۆيۈڭدىكى ئوماقنى؟

ئاڭلىدىڭمۇ كۆيىنى سەھەر قۇشى تورغاينىڭ،
سايرىشىدىن چۇ ـ چۇلاپ نېمە بايان قىلىندى؟
سەپسالدىڭمۇ جاڭگالنىڭ ئۇياقىغا — جىلغىغا؟
پادىچىنىڭ نەيلىرى قانداق كۈيدە چېلىندى؟

قۇياش ئەمدى كۆلگەندە قارىدىڭمۇ ھەر ياققا،
قانداق رەڭدە كۆرۈندى بۇ بىپايان داللار.
سۆيۈندۈرۈپ قەلبىڭنى ھاياجانغا سالدىمۇ،
يېشىللىقتا يايلىغان كالا ـ قويلار، يىلقىلار؟.

قايتقىنىڭدا جاڭگالدىن قېپقالغانمۇ يۈرىكىڭ،
ماكانىڭغا بارغاندا شېرىن خىيال سۈردۈڭمۇ؟
يەنە بىر رەت كۆرمەككە، ئەسرار بولۇپ كۆزلىرىڭ،
بۇ جاڭگالنىڭ ئىشقىدا ھەيران بولۇپ يۈردۈڭمۇ...؟

◁••••••••••••••••••••••••••••••••••▷

## ئىككى شېئىر

### مۇھەممەتئىمىن غوپۇر (يادىكار)

### ئاشىقلىق

كۆزلىرىڭدە سەرسان يۈرىكىم،
داۋالغۇيدۇ، تىنمايدۇ ھەرگىز.
گاھ لەيلىتىپ، گاھ چۆكتۈرىدۇ،
ئۇ بىر دېڭىز — بىپايان چەكسىز.

كۆزلىرىمدە سەرسان يۈرىكىڭ،
پەر قاقىدۇ قۇشتەك تىنىمسىز.

جامالىڭنى قىلار نامايان،
ئۇچۇپ ئۆتسەك ئالدىمىدىن غەمسىز.

كۆزلىرىڭدە، كۆزلىرىمدە بار،
چىن سۆيگۈنىڭ جۇلا يورۇقى.
ئاشىقلىققا ئۈندەيدۇ بىزنى،
كۆكلەم ھىدى، ۋىسال پۇرىقى...

### ئۇزىتىش

كۆز ياش بىلەن ئۇزىتاي سېنى،
بار ئۇنىڭدا تاتلىق سۆيۈشۈڭ.
زىدە قىلماس قايتا قەلبىڭنى،
ئوماقىنا بېقىپ كۈلۈشۈڭ.

شادلىقىڭنى ئېلىپ كەت تامام،
قايغۇڭنىمۇ قالدۇرمىغىن ھەم.
بىراق تۇرسۇن ئېسىڭدە مەھكەم،
بىز تۇنجى رەت قىلىشقان قەسەم.

---

## ئەينەك

**تۇرسۇننىياز ئابدۇللا**

(قۇربان ئىمىنىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

جىمى ئىنسان بېقىپ خۇشخۇي دىلى بىرلە سۆيەر ئەينەك،
ئېسىپ تامغا، ئېلىپ قولغا سەھەر - ئاخشام كۆرەر ئەينەك،
ئىلىندۇرماي توزان - چاڭنى ھۆسن ئۈچۈن كۆيەر، ئەينەك،
كىشى رۇخسارىنى ئەينەن ئۆزىدە كۆرسىتەر ئەينەك،
چىرايلىقمۇ ۋە يا سەتمۇ، شۇئان ئەكس ئەتتۈرەر ئەينەك.

داۋام ئىشقا ماگار چاغدا تۇرار ئالدىدا نۇر، قاسىم،
سۈرەر شېرىن خىيااللارنى گۈزەل، ئاينۇر، ئوبۇل، ئاسىم،
كۆكۈل تەسكىن تاپالماسكەن كۈنۈ - تۈن قىلمىسا تازىم،
كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە بىزگە ئۇ لازىم،
يىگىت - قىزلار ئاراسىدا تولىراق مۆتىۋەر ئەينەك.

كۆرەشكە جان پىدا ئەيلەپ، ھېرىپلا ۋاقتى چاغ بولسا،
يولنى توردىغان توسقۇن - داۋان، قۇرغۇ - نو، زاغ بولسا،
ھەسەل، ئەنجۈر مۇراببباسى ۋە ياكى يۈندە ياغ بولسا،
ئەگەردە قايسى بىر كىمنىڭ يۈزىدە زەررە داغ بولسا،
يېقىن يولداش كەبى شۇ دەم، ئۇنى سۆزلەپ بېرەر ئەينەك.

جاھان كەڭدۇر يامان - ياخشى، ئېزىز - خارلىق، سەۋەنلىك كۆپ،
دۇرۇس يولدىن ئاداشقانغا مۇقەررەركى خەتەرلىك كۆپ،
ھايات تاسقايدۇ ئىنسانىنى چۈشەنگىنىكى ئەۋزەللىك كۆپ،
جامائەت ئىشلىرىدا شۇنچە مەرغۇپ ھەم گۈزەللىك كۆپ،
مۇسەپپا ئۈنچىدەك بارمۇ بىرەر قۇم، ئەسلىتەر ئەينەك.

بايان قىلسام ئەلى ئېيتىسىنا، ھاكىدى اوقماندىن،
ئۇرۇن ئالغانكى تارىختا رىۋايەت، شېئىرى، داستاندىن،
تاپالماس بەزىلەر نۇسرەت كېچىپ باقماندىمۇ جاندىن،
دېمەك خالى ئەمەس ئىنسان ھاياتتا قىلچە نۇقساندىن،
شەرەپ قايىسى، نومۇس قايىسى، كىشىگە كۆرسىتەر ئەينەك.
ئاچار يولنى ئۇدۇل — داغدام سەپەر، قۇرۇلۇشتا ئۇ بىزگە،
نىشاننى بىلدۇرەر پارلاق تۇمەن بۇرۇلۇشتا ئۇ بىزگە،
تۇرار قاراپ ئېگىز تاغدەك تۆت يول دوقمۇشتا ئۇ بىزگە،
بۇ ئەينەك بولسا تەنقىدتۇر، زۆرۈر تۇرمۇشتا ئۇ بىزگە،
باھارنىڭ يامغۇرى ئوخشاش چىمەنگە سۇ سېپەر ئەينەك.
ئەزەلدىن ئالدىيالمايدۇ قەدەمدە تۇرسىمۇ پالچى،
ئۆزى هورۇن، تىلى سۆزمەن، رەزىللەر نەسلى ئاقىنانچى،
ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، تاما دۇنياسىدا غالچى،
قەدىردان دوستقا ئىلھامچى، توسالغۇ رەزگىگە قامچى،
تارازۇ ھەق ۋە ناھەققە، دۇرۇس تەنقىد ـ گۆھەر ئەينەك.
ئەگەر كىم بولسىدى شۇ دەم زەپەر دەرياسىدا ئاقماق،
بولۇپ بۇركۇت، سۇرۇپ قوزغۇن ئېگىزدە كۆككە قانات قاقماق،
كۆرۈپ ئىقبال، يېرىپ دولقۇن قەدەمدە كۆپ روناق تاپماق،
ئومۇملۇقنى تۇتۇپ كۆزدە قەلەمدە چاقىندى چاقماق،
يۈرەككە نۇرىنى چاچسۇن بولۇپ گويا قەمەر ئەينەك.
تۆكەر تەر ئەجرىدىن بارغا شۇئان ئايلاندۇرۇپ يوقنى،
ئىجادكارلىق ساداسىدا دىلى خۇشنى، دىلى شوخنى،
بۈگۈن تۇرسۇننىياز سوقتى ئۇلۇغ يۈكسەك پىلان — چوتنى،
ۋاراقلاپ كۆرگىنە قۇربان يۈرەكتىن چاقنىغان ئوتنى،
ئاچار كۆڭۈلنى بۇ سەنئەت ـ نە پاساھەتلىك ھۇنەر ئەينەك.

## شوخ كۆلكەڭنى مەندىن ئايىما

### مۇكەررەم بەختى

بېغىپ جانان كۈلگىن شادلىنىپ،
ئىللىق ھىسقا چۆمدۇر يۈرەكنى.
مىسكىن يۈرمە قەلبىم ئۆرتىمەر،
«مەن سۆيمەيمەن سەندىن بۆلەكنى.

سەنلا باردەك پۈتكۈل ئالەمدە،
جامالىڭغا بولدۇم مەن تەشنا.
قاچۇر مەيلى ئۆزۈڭنى، بىراق ـ
شوخ كۆلكەڭنى مەندىن ئايىما.

# چىرا ئىلھاملىرى

**مۇھەممەت بارات** (ئەشنائى)

## مۇقەددىمە

ئەسسالام كەلدىم چىرا تازىم بىلەن،
گۈل سۈپەت ھۆسنۈڭنى سەير ئەتكىلى.
قانچە يىللار تەلمۈرۈپ كەلگەندىمەن،
بىلمىدىم، ۋەسلىڭگە بىر رەت يەتكىلى.
تىلىكىم بولدى ئىجاۋەت ئاخىرى،
تۆت كېچە يۈردۈم سېنىڭدە بەزمىدە.
جۈپ قولىن بەردى دېھقانىنىڭ نادىرى،
تانىسدا، ئايدەك گۈزەلمۇ بەزىدە.
ئايلىنىپ چىقتىم: چاقار، بوستان، نۇرى،
قانچە دەريا، ساي، ئېدىر، دۆڭدىن ئېشىپ.

شۇندىمۇ ئۇبدان ياسالغاچ تاغ يولى،
كۆر ئازابى كۆرمىدىم ئاھىم تېشىپ.
دامىكۇنىڭ بېغىدىن ئالما ئۈزۈپ،
تېتىدىم، جەننەت خېجىلكەن ئالدىدا.
قۇمغا قارشى پالۋانىنى بىر كۆرۈپ،
ئۈيۈلۈپ تۇردۇم ئەجەبمۇ دالدىدا.
كۆرگىنىم كۆپتۇر، لېكىن يازماقچىمەن،
نەچچە مىڭنى بىرلا مىسراغا تىزىپ.
چىن تەپەككۇر كانىنى قازماقچىمەن،
مىس بولامدۇ ياكى ئالتۇن ئىش قىلىپ.

## ئاقباش كوئېنلۇنىڭ قىزاردى يۈزى

— بوستان يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ 1170 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تەشمىنى تېشىپ قاراسۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئاقساي دەرياسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلاپ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك 200 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، جىن چىراغدىن قۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم.

1

مىڭ پەرھاد قايىل بوپ ئېگەر بېشىنى،
مىڭ شىرىن مەي سۇنار ۋىسال جامىدا.
شادلىقتىن قېرى - ياش تۆكەر يېشىنى،
تاغ تېشىپ قىلغان جەڭ تېخى يادىدا.
سەككىز يۈز كېچە ھەم كۈندۈز چېلىشىپ،
دېھقانلار تاغلارنى تىترەتتى ھەيھات!
ئاي، قۇياش نۆۋەتتە سالام بېرىشىپ،
دېيىشتى: «بۇ ئۆزى ئادەمچە ھايات.»
ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى ئۆزى،
ئۆملۈكتە، چىدامدا، يۈكسەك نىيەتتە.

ئاقباش كوئېنلۇنىڭ قىزاردى يۈزى،
ھەر جوتۇ زەربىدىن قىلىپ ئۇ پەستە.
ئېگىز تاغ باغرىدىن ئويناقشىپ كەۋسەر،
ئارزۇ يېلتىسىغا ئۇتلارنى ياقتى.
بوستاندا ئاتتى تاڭ، قۇتلۇق بىر سەھەر،
زوقلىنىپ قۇياشمۇ ھەۋەستە باقتى.
مەخمەلدەك ياپلاقتا سايرايدۇ تورغاي،
ئېچۇككىن، ئاۋازى باشقىچە، بۈگۈن.
قارا سۇ دەرياسى قېنىغا پاتماي،
ئېيتىمدۇ: «تاغ تېشىپ ئۆتتۇمغۇ پۈتۈن...»

2

ئاراقسر تېغىغا يۆلەندى مەغرۇر،
يۇرت تارىخىدىكى يېڭى مۆجىزە.
ئولتۇرماس بىر قۇياش تۆكمەكتە زەر-نۇر،
ھېچكىممۇ ئىشەنمەس ئەگەر كۆرمىسە.

ئەۋلادقا يول ئاچتى دېھقان قولىدا،
پەقەت شۇ ئۇپرىماس كەتمىنى بىلەن.
چولپانلار پارلىدى ئۇنىڭ ھەم سولىدا،
ئۆيلەردە تېلېۋىزور ياڭرايدۇ بەلەن.

ئويغاندى بۇ زېمىن، ئويغاندى ئادەم،
ئېلېكتر دەۋرىگە قەدەم تاشلىدى.
ھەتتاكى «ئالەممۇ بوپ كەتتى مالەم»
ئىنتىلىش بىر يېڭى مۇقام باشلىدى:

مەشرەپتىن مەيدانىنى ئالىشار تانسا،
ئاڭلىنار ۋە بەزى گىتارنىڭ ئۈنى.
قىز - يىگىت خىيالدا يا نمۇ-يان ماڭسا،
ئاھ، ھارام بولىدۇ بوۋايلار تۈنى...

ئۆسمۈرلەر تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىن،
ئۆزىنى كۆرىدۇ تۇغۇلغان كۈندە.
يالپۇزنىڭ تەبەسسۇم، سالاملىرىدىن،
ئەركىلەپ كۈلۈشەر جىمىكى ئۈندە...

3

خەير-خۇش ئويغانغان ساي، ئېدىر، يايلاق،
بۈگۈندىن ئەتەڭنى كۆردۈم مۇپەسسەل.
قەد كېرىپ تۇرۇپتۇ ئانا تاغ شۇنداق،
ئاسماننى تىرەجەپ مەغرۇر، مۇكەممەل.

يۈزۈمگە سۈرتكۈم بار چاك-چاك قولۇڭنى،
ئاھ دېھقان! تىزلىنىپ يېنىش-يېنىشلاپ.
مىسرانى چاچقۇ قىپ بېزەي بويۇڭنى،
بىر سېنى كۈيلەشكە ئۆمرۈم بېغىشلاپ.

## چىرىلىق دوستلارغا

ئادەمنىڭ، يۇرتلارنىڭمۇ لەقىمى بار،
چىرىنىڭ «ئاچچىق ئۆرۈك»— نامى مەشھۇر.
بۇ سۆزدىن رەنجىمىگىن بىردەم كۈليار،
چاقچاقتىن كېلەر ساڭا تاتلىق ھوزۇر.

ئەزەلدىن ھېرىسمەندۇر ئادەم دېگەن،
ئاچچىققا (تىلىنى تاشمىسپ تەكرار ئىچەر).
بارمىدۇ لىق بىر چىنە ھەسەل يېگەن؟
يوق چوقۇم، بۇنى بەلكى ھەممە بىلەر.

ئاچچىقنىڭ تېگى تاتلىق، ئىشقى تاتلىق،
بەھرىدىن جان ياشىرار ئاچچىق تەرنىڭ.
چىن سۆيگۈ ئازابلىرى شۇنداق ئاچچىق،
يۈرىكى شېرىن لەززەت ئالار ئەرنىڭ.

ئاچچىقتۇر يارنىڭ سوغۇق قاراشلىرى،
شۇندىمۇ يۈرەك تاتلىق كۆيۈلدەيدۇ.
رەقىبنىڭ كۈلۈپ ماڭلاي تاراشلىرى،
يۈرەككە دەرد بېرىدۇ، ئەت بەرمەيدۇ!

تەنقىدى ئاتا - ئانا، ئۇستازلارنىڭ،
ئاچچىقتەك بىلىنىدۇ، تېگى تاتلىق.
ئاغرىتىپ دېگەنلىرى چىن دوستلارنىڭ،
ھەرگىزمۇ سېزىلمەيدۇ يېرىك-قاتتىق.

چىرىلىق دوستلار شۇڭا تەگمەڭلار،
چاقچاقتا ئاچچىق سۆزنى تىلغا ئالسام.
چاقچاقنىڭ يوللىرىدىن ئەگمەڭلار،
يۈگۈرۈڭلار، مەيلىلا مەن كېيىن قالسام.

ماڭمۇ دەپ تۇرۇڭلار ئاچچىق - ئاچچىق
گەپلەرنى، ئۇنىڭدىن كۆپ لەززەت ئالاي.
قەنت سېلىپ چاي قۇيماڭلار ماڭا تاتلىق.
ياخشىسى مەيخانىغا ئۆزەم باراي.

## ئىزىمىز ئۆچمىسۇن ئالتۇن ماكاندىن

1

ئاھ چىرا،
قەدىمىي يۇرت ئانا ماكان،
قۇملارغا قانچىلىك بولدۇڭسەن ئەسىر؟
ئويلايمەن، ئويلايدۇ ھەممە ھەر قاچان،
نەلەردە قالدى ئېيت: نى ئالتۇن قەسىر.

يۆتكەلدىڭ نەچچە رەت، باقتىڭمۇ ساناپ؟
خارابە، ئىزلارنى ئاقتۇرۇپ كۆرۈپ،

پايانسىز ئانارلىق، ياڭاقلىق يوقاپ،
يۈرىكىڭ ئېچىشتى خىياللار سۈرۈپ.

نەۋرىلەر سورايدۇ كونا ئۆيلەرنى،
بوۋىلار چۆمۈلگەن كۆلچەكلەرنى ھەم.
تارىخنىڭ شاھىدى — مۈڭلۈق كۈيلەرنى،
ئاڭلاشقا ئىنتىزار ھەممىسى ھەردەم.

2

كېچىكىپ ئەقلىڭنى تاپتىڭ ، شۇندىمۇ ،
تىزگىنلەپ قۇملارنى قۇچتۇڭشان-زەپەر
ئەجەلدىن قوغدالدى مۇنبەت تۇپراقمۇ،
ئارمانلار كۆكتە چاراقلاپ قەمەر .

نەچچە مىڭ رۇستەمنىڭ كۈچى دېھقان ،
ھالال تەر، زېھنىنى كەلدى ئايىماي .
يۇرت ئۈچۈن قايغۇرماي كەلگەن كىم قاچان؟
مىسالى بولۇشتى تاغدىكى قارىغاي .

تەتقىقات ئورنىمۇ① قۇرۇلغاچ ئەمدى،
قۇملۇقتا خۇش ھىدىن چاچتى گۈل-چېچەك.
ئاھ بۇرۇن قانچە ئەر قۇملارغا يەمدى؟
تىڭىرقاش ھۆكۈمران (گۈڭگا كېلەچەك!)

ھە بۈگۈن سۈپۈرگى ئاخۇننىڭ نەسلى،
يەنە بىر ھۇجۇمغا تاقابىل تۇردى .
ئادەملەر بولغۇلۇق ئاشۇنداق ئەسلى،
(ئىشچانلار ئەجرىدىن باغلارنى قۇردى).

3

ئاپىرىن ئېيتىمەن ئەتىنى ئويلاپ ،
ئىزىمىز ئۆچمىسۇن ئالتۇن ماكاندىن .
ئەۋلادلار كېلىشسۇن يولىمىز بويلاپ ،
ئاھ ئۇزاق قونالغۇ، قەدىم زاماندىن .

## دېھقان

قانائەت سەھنىسىدە ئەۋلىيا سەن،
پىر- ئۇستاز سېخىلىقتا ھاتەمگىمۇ.
كەچمىشتە توم-توم كىتاب، ۋارىقىڭ مەن،
دۇچ كەلدىڭ تالاي كۈلپەت- ماتەمگىمۇ.

سۆرەيسەن قوشتىن چىقىپ ساپانىنىمۇ،
جەۋرىڭنى ئانا تۇپراق كەلدى يۇدۇپ.

«ۋاي!» دېدىڭ بىرەر ئىشقا قاچاندىمۇ؟
سوغ سۇغا قاتتىق ناننى يەپ تۈگۈرۈپ.

دېھقان سەن چىدامىلىقتا يۈكسەك مۇنار،
كۆڭلۈڭنىڭ كەڭلىكىگە خېجىل ئالەم.
سەن بولغاچ يەر شارىدا ھاياتلىق بار،
ھاياتلىق ئىلاھى سەن ئۇلۇغ ئادەم.

## يەنىلا چىداشلىقكەن ئادەم دېگەن

چاي قۇيدۇڭ نە پىيالە، يۈرىكىمگە،
ئاھ گۈزەل، ئېرىپ كەتتى ياش ۋۇجۇدۇم.
بىر قىيا بېقىشىڭدىن قوي كۆزۈمگە،
چېھرىڭگە قۇياش قوندى بىلسەڭ چوقۇم.

بۇلۇتقا مىنگىشىپ بىز لەرزانغىنا،
ئۇنتۇدۇق بۇ دۇنيانى ۋالىس بىلەن.

شۈكگۈدۈق لىرىك ھېسقا ئاستاغىنا،
سۈس، غۇۋا چىراغ نۇرى خۇيمۇ بەلەن...

تىترىدى ئاخشىلارنىڭ سېھرى بىلەن،
ياش يۈرەك زىل تارىمۇ زەخمەك تېگىپ.
يەنىلا چىداشلىقكەن ئادەم دېگەن،
ئېغىزغا سۆزمۇ ئەجەب قالدى كېلىپ.

## خاتىمە

«قاشتېشى» جامىدا سۇندۇم ئالدىراپ،
چۈچۈمەل ھېسلارنى مىسراغا تىزىپ.
چىرايلىق كىتابخان باقىسىڭىز قاراپ،
قەلبىمىم كەتكەندۇ يولىدىن ئېزىپ.

كەچۈرۈڭ، شۇندىمۇ سوۋغىتىم ئۈچۈن،
ئىلھامىم ئېتىمىزدىن گۈلدەستە تۇتتۇم.
خام-ئاچچىق بولسىمۇ سۇنۇپ مەن بۈگۈن،
پىشقاننى بېرىشكە قەسەمنى يۇتتۇم.

---

① ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇم تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبىخانىسى چىرا ناھىيىسىدە خىزمەت قىلىدۇ .



# ئەنسىرەش

(ھېكايە)

يۈسۈپ توختى

— بىر - ئىككى يىل بۇرۇن يېزىپ تاشلاپ قويغان ھېكايىلىرىمنى بىرەر ژۇرنالغا ئەۋەتىپ بېرىش نىيىتىمدە، ئويلاپ يۈرەتتىم.

ھېچ ئويلىمىغان يەردىن شۇ ھېكايىلەرنىڭ بىرسىگە ئايالىم گۈلسۈمنىڭ تۇيۇقسىز پىكرى چىقتى. ئۆزۈممۇ كۆپ ھەيران بولدۇم. نېمە دەيدۇ، نېمە مەسىلە؟

— ئوپئوبدان يېزىپسىز، ھېكايىلەر ياخشى چىقىپتۇ، لېكىن ... ئويلاپ باقتىڭىزمۇ — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي، تونۇشلاردىن بىرسىنىڭ ئات تويىغا ئالدىراپ، ھېلى ئۇ ئۆيگە، ھېلى بۇ ئۆيگە كىرىپ يۈرەتتى. شۇنداق ئالدىراش تۇرۇقلۇق پات - پات، مېنىڭ تەئەججۈپ بىلەن تولغان چىرايىمغا سەپ سېلىپ قاراپ بىر نېمە دېمەكچى بولاتتى-يۇ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

«... قانداق گەپ بولدى بۇ؟ ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرمەيتتىغۇ، بىرەر پارچە ئەسىرىم ئېلان قىلىنسا، بەكمۇ خۇرسەن بولاتتى!؟»

ئاخىر، مەنمۇ تاقەت قىلالماي، ئالدىرىسىمۇ كوچىلاپ سوراۋەرگىنىمدىن كېيىن، ئۇ:

— ھېلىقى بىر ھېكايىڭىزدىكى باش

قەھرىمانىنىڭ ئىسمى، بىزگە يېڭىدىن كەل-
مەكچى بولۇۋاتقان ھاكىمنىڭ ئىسمىغا
ئوخشاپ قاپتۇ. دۇنيادا باشقا ئىسىم تې-
پىلمىغاندەك... - دېدى. ئۇ يەنە كېپىنىڭ
ئاخىرىنى قالدۇرۇپ (نېمىلا دېگەن بىلەن
مەقسىتىمنى ئېيتىۋالدىم دېگەندەك، شارت
قىلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى).

دەسلەپ تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەي، كې-
يىن بۇ چالا - پۇلا گەپنى ئويلىغانسېرى
ئاچچىقىم تۇتۇپ كېتىپ:

— تېخى كېلىشىدىن، كەلمىشى ناتايىن
بىر ھاكىمنىڭ ئىسمى ئۈچۈن شۇنچىۋالا
قىلىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، تازا كۈلكە-
لىك گەپ بولدى - دە بۇ، - دېدىم مەن.

— كۈلكىلىك پۇلكىلىك دېگەن گەپ-
لىرىڭىزنى قويۇڭ - دېدى ئۇ جىلە بو-
لۇپ، چىداپ تۇرالماي.

— شۈكرى خۇدايىم، ئۇنداق بولسا،
بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە، شۇنىڭغا ئوخ-
شاش ئىسمى بارلاردىن بىر نەچچىسى بار-
غۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ ئۇلارمۇ ھا-
كىممۇ - يا؟ - دېدىم مەنمۇ ئاغزىمنى قو-
يۇپ بېرىپ.

— ئۇلار دېگەن ئۇلار!!! مېنىڭ ئۇلار
بىلەن نېمە ئىلىش - بېرىشىم بار ئىدى،
ئۇلار بىلەن كارىم نېمە؟ بىر ئىسىملىكنى
ئۇيان - بۇيان قىلىش سىز ئۈچۈن قان-
چىلىك ئاۋارىچىلىق بولار، سىز ئويلاپ
بېقىڭا، ئۆزىڭىزگە ... ئىش تېپىۋالماق
دەيمىنا؟!...

— ئەجەبمۇ بىر ئىش بولدى - دە، بۇ.
تېخى سايىسىمۇ يوق بىر كىشىنىڭ ئىسمى
ئۈچۈن شۇنچىۋالا تالاش - تارتىش بولۇ-
ۋاتسا، ئەگەر راستىنلا كېلىپ قالغۇدەك
بولسا، بىزنىڭ ئۆيدە قىيامەت قايىم
بولغۇدەك. يا بۇ ھاكىم مېنىڭ خىيالىمغا

كىرىپ چىقمىغان تۇرسا؟! مەن ئۇنى ياز-
مىغان تۇرسام، نېمىشقىدۇر، ھاكىم - پا-
كىم دېگەن گەپلەر ئۇنۇپ چىقتىغۇ بۇ
يەردە؟...

— ئۇنى يېزىڭ ياكى يازماڭ، مۇن-
داق ئىسىملىكتىن ۋاز كېچىپ ھېكايىڭىز-
غا كىرگۈزمىسىڭىزلا بولغىنى، - دېدى ئۇ
بىر ئاز بوشاپ. ئاچچىقىمدا ئاغزىمغا تۇ-
تاملىغراق بىرەر ئېغىز گەپمۇ كەلمەي،
بۇ دېگەن ئەدەبىي ئەسەر، گېزىت ئەمەس!
دېمەكچى بولدۇم - يۇ، يەنە ئۆزۈمنى بې-
سىۋېلىپ، چىداپ گەپنى يۇتۇۋەتتىم.

— بولدىلا، تولا كاژ تالىشىپ، نېمە قى-
لاتتۇق، ئۆزۈممۇ بىر ئەخمەق، قاغىش تەگ-
كۈر شۇ بىر ئىسىم ھېكايىدىكى بىر پۈتۈن
ۋەقەلىككە قىلچە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان
تۇرسا، باشقا بىر ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋەت-
سەم بولمىدىمۇ؟ بۇنىڭ كارايىتى چاغ-
لىق. لېكىن... مەن بىردىنلا قاتتىق كۈ-
لۈۋەتتىم!... مېنىڭ ئۆزۈمنى تۇتالماي قا-
قاھلاپ كۈلۈشۈم ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق
ئەلەم بولغاندەك:

— شۇنداقمۇ دەيلى، ئەگەر ھېكايىڭىز-
نى كۈنلەردىن بىر كۈنى ھاكىم ئوقۇپ قالسا،
تاسادىپ ئۆز ئىسمىنىڭ ھېكايىدىكى يامان
بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاپ قال-
غانلىقىنى ئويلاپ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنى-
شى ياخشى ئەمەستە، بۇنىڭ تەسىرى،
نەتىجىسى قانداق بولار...

— قارىسىغا بىر نەرسە دېگىڭىز كېلىۋې-
ۋاتامدۇ؟ بەلكىم سىز ئويلىغاندەكمۇ بول-
ماس. ھاكىم ھېكايىنى ئوقۇمدۇ، ئوقۇ-
مامدۇ، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، تاقارى-
شىپ نېمە قىلىسىز؟

— بىلىدۇ، بىلىدۇ! سىزنى مۇشۇ يەز-
دىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، تونۇيدۇ!

ئۇ كىشى بىلمىگەن بىلەن، ئۇ كىشى ئۇن-
ئۇتمىغان بىلەن باشقىلار ئوقۇيدۇ، ئوقۇپ
بولۇپ، تۆرلۈك سورۇنلاردا ئۆستىگىزدىن
زەھەرخەندىلىك بىلەن ئىغۋا توقۇيدۇ،
شۇ... ۋاقتانى ـ ۋاق كەلگەندە، بىرچالمىدا
ئىككى پاختەكنى سوقۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قۇ-
لىقىغا يەتكۈزىدۇ. «ئۇ يا قىتىن كېلىپ بول-
غىچە، بۇ يا قىتىن ئۆزلىرىگە دارىتىملاپ...»
دېيىشتىن ـ يانمايدۇ!

— ھوي، ئاغزىڭلارغا كەلگەننى كەپ-
مىكىن دەۋېرە مىسىلە، ھاكىم بىلەن مېنىڭ
ھېچقانداق ئېلىش ـ بېرىشىم بولمىسا؟...

— ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئېلىش-
بېرىشىڭىز بولمىغان بىلەن، كىچىكرەك ئىلى-
رى بىلەن ئېلىش ـ بېرىشىڭىز يوقمۇ؟
ئۆتكەندە ئىمدارىڭىزغا دەرىجە كېلىۋىدى،
ئامما قوشۇلۇپ، تەشكىلگە بارغاندا، سىز-
نىڭ ئىسمىڭىز ئۆچۈرۈپ تاشلاندىغۇ... بۇ
ئېلىش ـ بېرىش بولماي نېمە؟ ئەنە شۇ
ئۆچۈرۈۋەتكەن بىرسى، ھېكايىڭىزنى ئو-
رۇنسىزلارچە دەستەك ـ دەسمايە قىلماي
قالارمۇ؟... چوڭلىرىدىن كىچىكلىرى بەك
يامان تېخى؟ شۇ چاغدا نېمە قىلالارسىز؟
ھېلىقى دەرىجە بېرىشتىمۇ سىزگە كەلگەن-
دە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق-
لىرىنى ئىشقا سالدى، ھېچ ئىش بولمى-
غاندەك بەخىرامان يۈرۈۋەردى، سىز بول-
سىڭىز دەردىمنى ئېيتىمەن دەپ، بارمىغان
يېرىڭىز قالمىدى، چىرايىڭىز ساغاردى شۇ،
ئامەترەكە لگەنلەرگە قوشلاپ كېلىۋەردى...
ئاغزى تاتلىق موزاي ئىككى ئانىنى ئې-
مىدۇ، دېگەنلىرى يادىڭىزدىمۇ زادى! ئۆ-
زىڭىزنى ئاۋايلاشنى بىلمىسىڭىز كېرەك ئې-
دى، باشقىلار سىزدىن قۇسۇر تاپماقچى،
پۇتلىماقچى بولۇشۇۋاتسا... سىزرە ئۆزاب-
ڭىزنىڭ ئۆي خىيالى بىلەن... تاغدەك نە-
تىجىڭىز بولغان بىلەن ئەپ ئۆتۈشنى،
«خوش ـ خوش» نى بىلمىسىڭىز ھەممىسى
بىكار! بۇ تاپاۋەت قىلىشتىكى بىردىن-
بىر چارە ئىككەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمىسىز-
غۇ؟ ئەگەر سىز مۇشۇ يولدىن ئېغىشماي
ماڭالىسىڭىز سىزنىڭ كىم بولۇشىڭىزدىن
قەتئىنەزەر تېگىشلىك ئىنئام ۋە ئەمەلگە
ئېرىشىپ قالىسىز... بۇ بىر ئەقەللىي سا-
ۋات، ئەپ ئۆتۈش — ئامەتنىڭ ئۆزى،
مال ـ دۇنيا، دۆلەت دېگەن گەپ... سىز
دەيسىز — كۆپچىلىك بار ئەمەسمۇ؟ توغرا،
كۆپچىلىك بار، لېكىن شۇ كۆپچىلىك ـ
مۆپچىلىك دېگەنلەر سىزنىڭ تەقدىرىڭىزگە
دال بولالايتتىمۇ؟ بىرەر ئىشىڭىزنى ھەل
قىلىپ بېرەلەيتتىمۇ، بۇنىسى سىزگە ئېنىق!
مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم، تەھرىرلەر سىزنى
ئاقلاپ بولغىچە، بۇ يەردىكىلەر سىزنى
تاقلاپ بولىدۇ، باللار ئوقۇش پۈتتۈرەي
دەۋاتسا، سىز ھەرىنىڭ ئۇۋۇسىنى كوچى-
لاپ، نېمىش تېرىپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟ يە-
نە شۇلارنىڭ ئالدىغا بارغىسىپ ـ پىشىپ
بارىدىغان گەپ، قويۇڭ، شۇ ھېكايە ـ پې-
كايىڭىزنى... جان ساقلىغان باتۇر، غې-
چىرلىغان كاتۇ دېگەن ھېكمەتلىك گەپ
ئېسىڭىزدە بولسۇن سىزنىڭ... بىر ھېكايە
بىلەن ئىش پۈتەتتىمۇ؟ بارمايمەن دېگەن
تۆكمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ، دېگەننىڭ
ئۆزى بولمىسۇن يەنە! كېيىن يەنە نېمە
ئىشلار يۈز بېرىدۇ ـ تېخى. بىز ئۆزىمىز-
نىلا ئويلىساق، باللارنىڭ تەقدىرى نە-
گە بېرىپ، نەدە توختايدۇ دەيسىز؟!...
پالانىنىڭ بالىسى دېگەننى ئۇنتۇپ قا-
لاتتىمۇ ئۇلار... ئۇلار ئۆتكەندە، بىر سو-
رۇندا، سىزنىڭ پارىڭىزنى قىلىشىپ،
چالۋاقاپ، ئاغزىنى بۇزۇپتۇدەك... ئۇلار-

نىڭ پەيلىدىن قارىغاندا، ھېلىمۇ بىز بۇ
يەردە ئامان - ئېسەن جان ساقلاپتۇق...
«مۇسا بەكمۇ بوينى قاتتىق، تىجمەل بىر
نېمە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىمىم بار دەپ
ھەممىشە گەدەنكەشلىك قىلىدۇ، يەنە كېـ
لىپ ياۋاش ئەمەس، تىررىقچى...» دېـ
گۈدەكمىش! كۆردىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ بىـ
شەملىكىنى... ئەگەردە كۈنلەردىن بىر
كۈن بېشىمىزغا يامان كۈنلەر كېلىپ، ئۇ-
لارنىڭ نىيىتى قۇترىسا، يەنە نېمە كۆر-
گۈلۈكلەرنى كۆرەر كىمشى، ھېچبولمىغاندا،
«خىزمەت ئېھتىياجى» دېگەن پەتىۋا بىـ
لەن يىراقراق بىرەر جايغا يۆتكىۋېتىپ،
ئادەمنىڭ بېشىنى سارالڭ قىلىشتىن يانـ
مايدۇ ياكى بولمىسا «ئەقتىدارلىق» دېـ
گەن چىرايلىق نام بىلەن بولسىمۇ ئائىـ
لىمىزنى ئۈچ - تۆت يىل سورۇقچىلىق
تارتىشقا گىرىپتار قىلىدۇ... ئىش قىلىپ،
ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشلاردىن
پەخەس بولغىنىڭىز ياخشى، خىزمەت قىلـ
مايمۇ ئاشۇلارغا - «ھە، شۇنداق» دېـ
گەنلەرنىڭ ھالى - كۈنى بۈگۈن قانداق
بولۇۋاتىدۇ، بىلەمسىز شۇنى... ئۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ كۆزلىگەن مۇراد - مەقسەتلىـ
رىگە يېتىپ بولدى، بىز بولساق ئۆز تىـ
رىكچىلىكىمىز بىلەن ئاۋارە... «خوش -
خوش» تىن پايدا تاپقانلارنىڭ بەزىلىـ
رى ئاددىي خىزمەت ئورۇنلىرىدىن بىر
كېچىدىلا كۆتۈرۈلۈپ، ھەيكەلدەك قېتىپ
ئېگىشمىۋاتقان، سىز تېخى ئۇلارنىڭ قور-
سىقىدا ئۈمچى يوق دېگىنىڭىز بىلەن ئۇ-
مىچى بارلارنى ئېلىپتەك باشقۇرۇۋاتىدۇ،
كۈن دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ، پالتا چۈشۈپ
بولغىچە كۆتەك دەم ئېلىۋېرىدۇ، يىنا شايـ
دۇ، ئوينايدۇ... يەنە شۇلارنىڭ بەزىلىـ
رى يىراق، خىزمەت شارائىتى ناچار دېـ
گەن جايلاردىن شەھەرگە كېلىشىپ ھەر
قايسى بۆلۈم - ئىدارىلارغا تەمبۇرنىڭ
قولىقىدەك سەپ تارتىپ بولۇشقان... بۇ-
نىڭغا نېمە دەيسىز ئەمدى؟ پىنچاق سۆ-
ئەككە ئۆتمەيدۇ، يۇمشاقلار كالىدەك ئىشـ
لەيدۇ، قاتتىقلار بولسا سىلەرنى بەخىرا-
مان ئىشلىتىپ، شۇلۇپ يەيدۇ... ھېلىمۇ
شۈكرى قىلىسىڭىز بولىدۇ، سىزگە تەگمەي
قويدى، ئەگەر شۇنداقلا بىر مىدىرلاپ
قويسا، مىڭنى يالۋۇرغان بىكار، ئۇلار قىـ
لىدىغىنىنى قىلىشىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈ-
رەكلىرى توم بولۇپ كەتكەن... نېمىدىن
قورقاتتى؟! ئەمدى يەنە نېمە؟ يەنە تېـ
خى، بەزىلىرى تۈرلۈك ئاساسلارنى كۆ-
تۈرۈپ چىقىپ، قانۇنلۇق ھالدا ئۆز ئۇ-
رۇق - پۇشتىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىمىدۇ...
قىلساق گەپ تولا. ئۆزىمىزنى - ئۆزىمىز
پۇتلاپ نېمە قىلىمىز؟ جاھان ساڭا باقـ
مىسا سەن جاھانغا باق، دېگەن گەپ بار-
غۇ، بۇ بىكار گەپ ئەمەس، ئەلۋەتتە.
بۇنداق ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە
باشقا ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى
نېمە گەپ ئۆزى... كىشىلەر گەپ قىلىشـ
نىڭ ئۆز بېشىغا بالا بولىدىغانلىقىنى بىـ
لىۋېلىشقان، شۇڭا مەڭدەپ قالغاندەكلا
يۈرۈشۈۋېرىدۇ. مۇناسىۋەت ھەممىگە قا-
دىر! ... سىزنىڭ ھەقىقەت - پەقەت
دېگەنلىرىڭىزگە كىممۇ پىسەنت قىلاتتى!
ئۇلار بولسا مۇشۇك، بىز بولساق چاشقان
بولۇپ كۈنىمىز ئۆتكىنى - ئۆتكەن! بۇنى
چۈشىنىشىڭىز كېرەك، گەپدانلىق قىلغانـ
لارنىڭ ھالى نېچۈك، بىلسە ئەنسىز شۇنى،
يەنە شۇ بايىقىدەك... سوغۇق كۆزلەرگە،
يامان مۇئامىلىگە دۇچ كېلىشىدۇ، شۇ...
بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، بۇ قېـ

تىم مېنىڭ مەسلىھەتىمگە قۇلاق سېلىپ قويارسىز...

— ئۇنداقتا... — مەن بىر ئىسىملىكنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، — مۇشۇ ئىسىملىكنى ئىشلىتىپ، ھېكايىلەرنى ژۇرنالغا ئەۋەتىۋەتكەن بولساق؟!



كۈلسۈم ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— بۇ كىشى مەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتدىشىمنىڭ يولدىشى بولىدۇ. مۇنداق ئىسىملىكنى ئىشلىتىپ، يەنە نېمە قىلاي دەيسىز؟ سىز زادى گەپ ئاڭلىمايسىز، پالانى-پوكۇنىڭىزنى قويۇپ تۇرۇپ مېنى ئىشىمغا ماڭغىلى قويۇڭ! بۇ بىر ھېكايىڭىزدىن ۋاز كېچەلمەمسىز زادى؟ بۇ بىر ئىسىملىكتىن ۋاز كېچەلمەمسىز دېسىڭىز — چۇ؟

— ھە، بولدى، بولدى ئىسىملىك دەپمۇ تۇرايلى، بولدىمۇ ئەمدى.

— بالىلارغا ئوبدانراق قاراپ قويارسىز. قۇلپا ئايەردە، ئاچقۇما يەردە، — دېدى-دە، ئايالىم ئالدىراپ - سالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خودايا توۋا، تېخى ھېچكىم، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىسىملىك ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئاچچىق تەنبىھلەر بېرىلگەن يەردە، ئەگەر ھېكايە بېسىلىپ، ژۇرنال تارقىلىپ كەتسە مېنىڭ بېشىمغا يەنە قانچىلىك سوروقچىلىقلار كېلىپ كېتەركىنتاڭ؟!

ھېلىمۇ ياخشى، «خىزىرغا ئۇچراپتۇ» دېگەندەك، بۇ ھېكايە مېنىڭ يامان تەقدىرگە قېلىشىمدىن ئەنسىرەيدىغان ئايالىمنىڭ قولىغا چىقىپ قاپتۇ...

ئاھ! لۇشۈن قانداق ئۇلۇغ ئادەم — ھە؟ ئۇنىڭ ئاكىيوسىنى ئەمدى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يەتتىم...

# ئىككى ھېكايە

**قەدىردىن قادىر**

## سېھىردىلەك تۇمار

مانا ئىش ئوخشىدى.

— بۇلار يەنە چۆجە خورازلاردەك ھۆرپىـ
يىشىپ بىر - بىرىگە بازغىشىپ، جېدەلنى
تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك كولمۇناتىسـ
يە نۇقتىسىدىنلا باشلىدى.

— ھۇ يالغانچى كاززاپ، تاماق يېمىدىم
دەپ ئەجەب بوزەك ئەتتىڭا؟ كارنىيىڭدىن
يانغىنى لەغمەن ئەمەس چوشقىنىڭ ئۈچىـ
يىمۇ؟ سېنىڭ راستگەپ قىلماي مېنى بىـ
كاردىن - بىكار ھاقارەتلىشىڭگە قارىغاندا،
قورسىقىڭدا چوقۇم جىن بار. راستگەپنى قىلە؟
لەغمەنلى نەدىن يېدىڭ؟ كىم بىلەن يېدىڭ؟

ئايال ئېرىنىڭ ياقىسىغا مەھكەم ئېـ
سىلدى.

— ياقامنى قويۇۋەت قېرى قانجۇق، ھېـ
لى بىكار ئېغىز - بۇرنىڭنى شاتۇت يېگەندەك
قىلىۋېتىمەن.

— مانا بۇ يەرنى شاتۇت يېگەندەك قىل.
ئايال بىر خىل بىزەڭلىك بىلەن يۈزىـ
نىڭ ئۇيا تلىق يېرىنى كۆرسەتتى.

قاتتىق بىر تەستەكتىن ئايالنىڭ ئېـ
غىز - بۇرنى شاتۇت يېگەندەك بولمىسىمۇ
ئەمما ھەر ھالدا ئېگىنىگە تۇز
سىزدىقلىق سان - سىفىرلار نەقىشلەندى.

— ۋايجان!...

ئايال يۈزىنى تۇتقان ھالدا ئېرىنىڭ
مۇرىسىگە قولىنى قويغاندەك قىلىۋېدى، ئېـ
رىمۇ ئايال بىچارە تاياق يەپ بولۇپ (ئايال
كىشى دېگەن تاياق خۇمارى ئەمەسمۇ) باغـ
رىمغا ئۇزىنى تاشلاپ يىغلايدىغان بولدي

دەپ ئويلىغۇدى، لەدىكىنى، ئۆزىمۇ ئايالـ
دىن بەتتەررەك ھۆركىرەپ كەتتى، ئەمما يىغـ
لىمىدى. ئۇستەلدىكى ئەينەككە قاراپلا
چىرايى پۈرۈشتى. چۈنكى سول كۆز قۇيرۇـ
قىدىن باشلانغان بىر قىزىل سىزىق جاۋـ
غىيىغا كېلىپ توختىغانىدى. ئۇ يەردىن
قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ مۇشتلىرى تۈرۈلدى. ئايالمۇ ئۇـ
نىڭغا قورقۇمسىراپ قاراپ تۇراتتى. ئېرى
ئۇنى دۇمبالاپمۇ كەتمىدى. لېكىن ئېغىـ
زىدىن چىققان بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئاـ
يال ئارقىسىغا تىرىڭىدە ئۇچۇپ چۈشتى.

— ئۈچ تالاق!

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىدى: سىرتـ
تا هاراق ئىچىپ ئۆيگە كەچ قالغان ئەر
ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى
كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشۈشكە باشلىدى.
باشقىلاردىن ئورۇنسىز كۈنلەپ ئۆيدە جېـ
دەل چىقىرىپلا تۇرىدىغان، مۇنازىرىدە تەڭـ
لەشكىلى بولمايدىغان بېشەم ئايالى ئۇـ
نىڭ بىلەن بۈگۈن قانچە نەدە بولدۇڭ؟ دەپ
ئېلىشىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ ئېغىز ئېچىپ
بولغىچە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ
كەتمەيمەنمۇ؟ باھانە - سەۋەب دېگەن تېپىـ
لىدىغان تۇرسا. بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىـ
سىدىن كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ دىلىدىن ئەنـ
سىزلىك بۇلۇتتەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

چۈنكى بۇرۇنمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ
ئايالىنى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويـ
غانىدى.

ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ. ئايالـ
مۇ ئېرىنى ۋاقتىدا كەلمىدى دەپ قىيىداپ
تاماق قىلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرـ
نىڭ ھوشۇقى ئالچۇ چۈشتى.
— تاماق قىلمىساڭ نېمە ئىش قىلاتتىڭ
ئالۋاستى. ھۇ ئەستىرى بۇزۇق كونا پايتىما،
مەن ئەتىگەنلىكىياغىھېچنېمە يېمىگەن تۇرـ
سام، ماڭا بىرسى تاماق قىلىپ بېرەمتى...
ساقلاندى... رەسۋا.
ئۇ ئايالىنى ھەدەپ تارتىپ سىلكىشلەپ
كەتتى. ئايالىمۇ بىردىنلا ئېرىگە ئىچى
ئاغرىپ قالدى.
— نېمىشقا تاماق ئەتمىگەندىمەن؟ — ئۇ
كوناھىنى ئۇستىگە ئېلىپ جىمىدە تۇرۇۋالـ
دى. لېكىن ئېرى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ
كەتتى.

بىردىنلا ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى.
كۆپ ھەرىكەت قىلىپ كۈچەپ ۋارقىراپ
ئۇنىڭ ياندۇرغىسى كەلدى. بوغىزىغا كېـ
لىپ قالغان قىيانىنى ياندۇرغىلى بولمايـ
دۇ - دە!
شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ھۆ!» دېۋېدى،
بايىقى ئولتۇرۇشتا يېگەن لەغمەن، گۆش،
توخۇم — ئىشقىلىپ تۈرلۈك ھەزىم بولۇشقا
ئۈلگۈرمىگەن نازۇ - نېمەتلەر رەھىمسىز
گۈۋاھچىدەك ئىككى مېتىر يىراقلىقتا ئېتىـ
لىپ چىقتى.

— بىر ئامال قىلسىلا موللام، بىز ئاجـ
رىشىپ كېتىپ قانداق چىدايمىز؟ ماڭا بۇنـ
داق كۈنگە قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى،
مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ، — ئۇ ھەدەپ مولـ
لامنىڭ پېشىگە ئېسىلاتتى. ئايالمۇ ئېرىـ
نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىغا قاتـ
تىق پۇشايمان قىلغاندەك قىلاتتى.
— بۇ ئىشنى باشقىلار بىلەمدۇ؟ — دەپ
سورىدى موللام ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن.
— ياق، بۇ ئىشقا بىر ئاللاكۇۋاھ. ئۇـ
نىڭدىن قالسا سىلە.
— ھە، ياخشى بوپتۇ، بۇنىڭ چارىسى
ئوڭاي. بۇ ئۇنچىۋالا چوڭ تالاق ھېسابـ
لانمايدۇ. لېكىن تالاقنى ياراشتۇرغان مولـ
لاممۇ دوزاخقا يېقىن تۇرىدۇ بالىلىرىم.
شۇنداق بولسىمۇ يولىنى قىلاي. مۇشۇ ئامـ
راقلىقىڭلار بىلەن نېمىشقا سوقۇشىدىغانلىـ
سىلە بالىلىرىم.
موللام كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلارغا قاـ
راپ قويدى.
— ھە... ئەمدى ئاچچىقىنىڭ كەينىگە
كىرىپ...
ئايال ئۆزى چىڭ سىقىملىۋالغان ئەرـ
نىڭ قولىنى دەرھاللا قويۇۋەتتى، ھەم
قىزارغان ھالدا:
— نېمە كەتسە مەيلى تېزراق بولسىلا
ياخشى بولاتتىغۇ؟ — دېدى.
— ئۇنداق بولسا دەرھال بىر نىخوراز
لازىم بولىدۇ، مىكىيان باسالايدىغان خوراز.
— قان قىلامدۇق موللام؟
— ياق - ياق، قائىدە بويىچە ئايالـ
ىڭىزنى باشقىلارغا بىر كۈن نىكاھ قىلىدىـ
غان گەپ ئىدى. لېكىن كۆڭۈللۈكلار بۇنى
كۆتەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىڭىز
چىرايلىق ئىكەن. ناۋادا نىكاھىغا ئالغان
كىشى ئۇنىڭ سۆزىنى بەرگىلى ئۇنىمىسا...
موللام گەپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋالدى.
ئەرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.
— شۇڭا خورازغا نىكاھ ئوقۇيمىز، —
دېدى موللام.
— رەھمەت موللام، خۇدا سىلىگە ئۇـ
زۇن ئۆمۈر بەرسۇن رەھمەت، مەن ھازىرـ
لا پەيدا بولىمەن...
ئەر شۇنداق دېگىنىچە چاقماق تېزـ

لىكىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
— موللام، مەن ھە دېسىلا تاياق يەي-
مەن ، بەدىنىمنىڭ ساق يېرى يوق .
يا گۇناھىمنى بىلەلمەيمەن ، كىچىككىنە
ئىشلارغىمۇ ئۇرۇپ كېتىدۇ . ئۆچمىكىن
دېسەم تېخى ئامراقلىقى باشقىچە. لېكىن،
تايىقى يامان كاپايەتنىڭ ... شۇڭا ئا-
يالىنى ئۇرالمايدىغانغا بىرەر ئايەت
بولسا پۈتۈپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن.
نېمە دېسىلە مەن ھازىر قىلغان بولاتتىم.
ئايال ئالدىراپ «نېمە دېسىلە» دېگەن-
گە پۇشايمان قىلغاندەك «نەچچە پۇل
كەتسە رازى قىلاتتىم» دەپ قوشۇپ قوي-
دى . موللام ئايالنىڭ كۆزىگە يالت
قىلىپ بىر قاراپ قويدى - دە:
— ئۆتكەندە بىر ئايالمۇ شۇنداق دەپ
كەلگەنىكەن، بىر تۇمار پۈتۈپ قويغانىدىم،
لېكىن ئۇ كەلمەيلا قويدىغۇ تاڭ؟ شۇنى
سىلىگە بېرەي .
ئاخۇنۇم ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى
ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە بىر مەھەلدىن
كېيىن كىچىككىنە بىر تۇمارچىنى رەخت
پارچىسىغا ئوراپ ئايالغا سۇنغاچ ئىزاھ
بەردى:
— قاچان ئېرىڭىز بىلەن جېدەللىشىپ
تاياق يەيدىغان ئېھتىماللىقىڭىز بولسا
باشقا ياققا بۇرۇلۇپلا ئېرىڭىزگە چاندۇر-
ماي بۇ تۇمارنى ئېغىزىڭىزغا سېلىپ جىم
تۇرۇۋېلىڭ. ئېرىڭىزنىڭ ھەر قانچە غە-
زىپى كەلسىمۇ سىزنى ئۇرالمايدۇ. لېكىن
سىز بۇ تۇمارنى يېشىپ كۆرمەكچى
بولسىڭىز گۇناھكار بولىسىز، تۇمار ئىش-
لىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ .
— رەھمەت موللام، - ئايال ئۇنى ئىككى
قوللاپ ئالدى ۋە ئىچ يانچۇقىدىن ئۇن
يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچنى چىقىرىپ موللام-
غا تەگلىدى . موللام قەتئىي ئالغىلى ئۇ-
نىمىدى . ئايالمۇ نېيىتىدىن يانمىدى .
موللام پۇلنى ئالمىسا ئايالنىڭ تۇ-
مارغا بولغان ئىشەنچىسى يوق بولىدىغان-
لىقىنى ئويلىدىمۇ ياكى سارىخان موماي
ۋە ئۇنىڭ جۇلدۇر كېپەن بالىلىرى كۆز
ئالدىغا كېلىۋالدىمۇ ياكى بولمىسا سىرت-
تىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىدىن يېڭى
بىر چۈشىنىشمەسلىك ئەھۋالىنىڭ كېلىپ
چىقىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ئېھتىمال ئايا-
لىنىڭ قولىدىن ئون يۈەننى ئېلىپ قال-
غىنىنى ئايالغا مەجبۇرى تۇتقۇزۇپ قويدى.
قىزىل كىگىزنىڭ ئۈستىدە پۈتى چې-
تىقلىق تۇرغان يوغان چار خوراز
موللامنىڭ :
— ئىگاھىڭغا ئالدىڭمۇ جانىۋار، - دەپ
دۈمبىسىگە تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن
تەڭ «غىق - غىق» قىلىپ تاۋۇش چىقار-
دى (موللامنىڭ دېيىشىچە بۇ، خورازنىڭ
ئىگاھىمغا ئالدىم دېگىنى ئىدى). ئەر -
ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ئېغىر بىر روھىي ئا-
زابتىن قۇتۇلغان خۇشاللىق كۈلكىسى
پارلىدى .
ئەتىسى خوراز دۈمبىسىگە يەنە بىر
شاپىلاق يەپ تۈنۈگۈن قانچە تېز ئىگاھى-
غا ئالغان بولسا ئەتىسى يەنە شۇنچە
تېز سۆزىنى بەردى .
خۇداغا شۈكرى، ئىش ئوڭۇشلۇق
ئۆتۈپ كەتتى .
چوڭبالا - قازا جىمىمدە يۇغۇشتۇرۇلدى.
ئەر - ئايال بەرباد بولۇش ئالدىدا
تۇرغان ئائىلە تۇرمۇشىنى تېزدىن ئوڭ-
شىۋالدى ، تۇمارمۇ ئۆز خاسىيىتىنى كۆر-
سەتتى . ئايالنىڭ تاياق يەيدىغان تۇر-
مۇشىغىمۇ خاتىمە بېرىلدى . ئېرى
شۇنداق چېچىلغىنى بىلەن ئايالغا بىر

شاپىلاق سالالمىدى. ئېرى تازاغەزەپلىنىپ
ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلگەن ھامان
ئۇ ئاستاغىنا قويىنىدىن موللام بەرگەن
تۇگۇنچەكنى چىقىرىپ ئېرىنىڭ كۆز ئال-
دىدا ئېغىزىغا سېلىۋالدى. ئېرى شۇ
ھامان سېھىرلىنىپ قالغاندەك، ئايالنى
ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتەرگەن قوللىرى ھاۋادا
ئېسىلىپ قالدى.

— توۋا، ئايەتنىڭ سېھرى شۇنچىلىك
زور ئىكەنا ؟ بۇرۇن باشقىلار شۇنچە تەر-
بىيە بەرسىمۇ جېدەلنى توختىتالمايتتۇق.
سوقۇشقىمىز كېلىپلا تۇراتتى، خۇدايىم
شۇنداق قۇتقۇزدى بۇ تاياق دېگەن
كاساپەتتىن.

ھە راست ! ... بۇ تۇمارچىغا قۇرئان-
دىكى قايسى سۈرە يېزىلغاندۇ ؟ ئايال بۇ
سۈرىنى بىلىۋېلىپ زۇلۇم چەككۈچى بارلىق
ئاياللارنى قۇتقۇزماقچى، بۇ ئارقىلىق چوڭ
ساۋابقا ئېرىشمەكنى كۆڭلىگە پۈكتى.
ئۇ گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىنمۇ، تۇمار-
نىڭ خاسىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشتىنمۇ
قورقمىدى. ئۇ تۇگۇنچەكنى يېشىپ ئۈچ
بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان قەغەزنى ئاستا-
غىنە ئاچتى، ئاچتىيۇ ھەيران بولۇپ كۆز-
لىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئارقىسىدىن چوڭ-
قۇر بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەندەك
ئېغىر ھارسىندى. قەغەزگە :

«ئېرىڭ بىلەن گەپ تالاشما، ئېرىڭگە
يانما، ئېرىڭنىڭ غەزىپى كېلىپ قالسا
ئېغىزىڭنى چىڭ يۇمۇۋال» دېگەن خەتلەر
قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

## تۆر

تۇرسۇن مۇدىرنىڭ پېنسىيىگە چىقىپ
مەسچىتكە كېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.
ئۇ مەسچىت بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، رەت-
لىك تىزىلىپ تۇرغان، ھەر خىل كىيىنگەن
جامائەت توپىغا بىر نەزەر سېلىپمۇ
بىلەنلا ئىلگىرىكى ھوقۇق تۇتۇۋاتقان
چاغلىرى ئېسىگە كېلىپ، بوشاپكەتكەن
نېرۋىلىرى چىڭىپ، قانلىرى جۇش ئۇرۇپ
ئۆزىنى خۇددى ئەمەل تۇتۇۋاتقان ۋاقىت-
لىرىغا يېنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.
ئۇ يىغىن ئېچىلىدىغان چاغدىمۇ ماناا
مۇشۇنداق جەڭگىۋار ھالەتكە كېلىپ قا-
لاتتى. ئۇ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە جا-
رائىلىق نۇتۇقلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پەس-
كە چۈشكەندە، ئۆزىگە ھۆرمەت نەزىرى
بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقان مىڭلىغان كۆز-
لەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆزىنى خۇددى
بىپايان بوشلۇقتا، بۇلۇت ئۈستىدە
ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتتەك
ھېس قىلاتتى. ئارقىدىنلا ھەر قاچان
مىنبەرگە ئەڭ يېقىن بولغان، پەلەمپەينىڭ تۆرى،
ئۆزى چاقىرىلغان مېھمان بولۇشلاردىكى
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدىغان تۆرلەر،
ئالدى بىلەن ئېغىز تەگكۈزۈپ بېرىشكە
تەكلىپ قىلىنىۋاتقان يېمەكلىك تۆرى،
سۆز بېغىشلىمىسى سۆزلەپ بېرىشكە
ئىلتىجا قىلىۋاتقان مۇبارەك سۆز تۆرى،
ئىمزا قويۇش ئالدىدا تۇرغان زاۋۇت-كار-
خانىلار ئۈچۈن لېنتا كېسىش، بېغىشلىما
يېزىپ بېرىش تۆرى...

ئۇھ! ... خەلق نېمە دېگەن ئۇلۇغ - ھە! ...
ئۆزىنى ھىمايە قىلىۋاتقان، ئۆزىنى ئۇزاق-
تىن بۇيان تۆرگە ئولتۇرغۇزۇۋاتقان مۇنۇ
ئاددىي دېھقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ
مېھرىۋان پەرزەنتلىرىدەك كۆرۈنۈپ، تەلبى
ئالدىقاندا قىنۇر بىر ھاياجانغا چۆمۈپ،

شېھىرنى خىيالىنىڭ تۈرتكىسىلىدە ، بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىنلا بۇنداق تۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك، شىبلىتىنى سېلىپ ئارقا رەتتىكى بوش ئورۇنغا پۇشۇلدىغىنىچە ئاستاغىنا تۆكمىدەك چۆكتى .

يېنىغىلا ئولتۇرغان تۇرسۇن مۇدىرنى كۆرگەن يالاڭ چاپانلىق ئاۋاق بىر دېھقان قورۇنغاندەك بولۇپ ، ئېگىنىشكىنىچە ئالدىدا ئولتۇرغان بىرسىنى ئاستاغىنا نوقۇپ قويدى . ئۇ كىشى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا تۇرسۇن مۇدىرنى كۆرۈپ ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . تۇرسۇن مۇدىر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۇ كىشى چىقىرىپ بەرگەن ئورۇنغا سېپىلدى. ئۇ كىشى ئالدىدىكى كىشىنى نوقۇپ بولغىچە ئۇنىڭ ئالدىدىكى رەتتە ئولتۇرغان كەلت باشلىقى تۇرسۇن مۇدىرنى ئۆز يېنىغا ئۆتكۈزۈۋالدى . ئاڭغىچە قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن تىمساقتەك سۇرۇلۇپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىۋاتقان بۇ سېمىز گەۋدە مەسچىت ئىچىدە ھەممىنىڭ دىققەت قىلمىۋاتقان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى .

تۇرسۇن مۇدىرنى ئىمامۇ كۆرۈپ ئۈلگۈردى، ئۇ مىخ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قىرائەت قىلغاندەك چىرقىراق ئاۋازدا مۇدىردىن ھال سوراپ، ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلەن ئۇنى ئالدىدىكى رەتكە ئولتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىلدى .

ئۆزىگە چوڭقۇر ئىلتىجا بىلەن تىكىلىۋاتقان نەچچە يۈز جۈپ كۆزنىڭ سېھرىي كۈچىدىنمۇ ياكى سۆرۈلۈپ مېڭىۋېرىش چارچاپ كېتىشتىن زېرىكتىمۇ، ئىشقىلىپ، تۇرسۇن مۇدىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپلا جامائەتنىڭ ئارىسىدىن قوپۇپ بىۋاسىتە ئىمامنىڭ يېنىغىلا ئۆتۈپ، جامائەتكە يۈزلەندى-دە، يۈزىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ، جامائەتكە بىر خىل مەستخۇشلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدى .

بۇرۇندىن باشلاپ تۆرنى قولدىن بەرمەي كەلگەن مۇدىر ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۆردىن چۈشمىگەنلىكىگە پەخىرلىنىپ ، يېنىدىلا قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالغان ئىمامنىڭ تەڭلىكتە قالغان چىرايىغا تەئەججۈپ بىلەن قارىدى. ئارقىدىن بىر خىل نەپرەت بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان نەچچە يۈز جۈپ كۆزنىڭ پىشاڭ كۈچى ئاستىدا ئۆزىنىڭ تۆر قوغلىشىپ ، پەللە ئاتلاپ ئىمام قېشىغا — مېھراپ يېنىغا بېرىۋالغانلىقىغا پۇشايمان قىلغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ تىگىرقاپ قالدى..

# ئانا ۋە بالا

(ھېكايە)

مەريەمگۈل مەتقۇربان

ئىشىك ئەنسىز چېكىلدى. مەن كېيىنكى-
چە دادام چىقىپ كەتتى. دادامنىڭ قايتىپ
كىرىشىنى كۈتمەيلا مەنمۇ چىقتىم. قارىسام
تاغام بىلەن دادام سۆزلىشىۋېتىپتۇ.

— تاغا، شۇنچە ئۇزۇندىن... بۇ كېچىدە...؟

— بالام،— دېدى دادام خۇرسىنغان ھالدا
ئۇھ تارتىپ.— تۇرسۇن يەنە ھادىسىگە
ئۇچرىغان ئوخشايدۇ...

يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ دادامنىڭ
سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم.

— تاغا، تۇرسۇنغا نېمە ئىش بوپتۇ
زادى؟

تاغامنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، نەپسى قى-
سىلدى. توك يورۇقىدا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ
قارىدىم. يول-يول قورۇقلار بىلەن قاپلان-
غان چىرايى ئادەمنى تاتارغان، ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەن كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلماق-
تا ئىدى. مەن دادامغا قارىدىم.

— بۈگۈن كەچ تۇرسۇننىڭ ماشىنىسى
تراكتورغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. بىر ئالانەق
مەيدانىدا ئۆلۈپتۇ. ئىككى كىشى زەخمىلەن-
گەن ئوخشايدۇ... يەنە...

— بىرسىنىڭغۇ ئېغىر ئەمەس، — دەپ
سۆز ئالدى تاغام.

— لېكىن يەنە بىر ئايالنىڭ قول سۆ-
ڭەكى سۇنۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. دوختۇر-
لارنىڭ دېيىشىچە قولىنى كەسمىسە بولمى-
غۇدەك، لېكىن ئۇنى ياتاققا ئالدۇرغىلى
قولىمىزدا پۇل يوق. شۇڭا ...

تاغام سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

دادام ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى
ماڭا چۈشىنىشلىك، تاغامغا پۇل كېرەك.
لېكىن ئۆيدە يېقىندا قىلىدىغان تويۇم
ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئازراق پۇل بار،
ئەگەر ئۇلارغا بەرسەك بىرەر ئايدا ئەمەس،
بىرەر يىلدىمۇ قايتۇرۇپ بېرەلىشى ناتايىن.

— دادا، پۇل ئاچىقىپ بېرەمدىمەن؟

— ھە.

— قانچىلىك؟

— مىڭ يۈەن.

— ئالتە يۈز يۈەن ئاچىقسىڭىز بولا بالام،
ئاۋۋال ياتاققا ئالدۇرساق، كېيىن بىر
كەپ بولار،— دېدى تاغام.

يامغۇر بارغانچە كۈچەيمەكتە. بوشلۇق-
تا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشقا باشلىدى.
قارىغاندا يامغۇر پات توختايدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. ماشىنا كىرا قىلىش ئۈچۈن
بىر قانچە شوپۇرلارنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم.
لېكىن بۇنداق قاتتىق يامغۇردا يولغا چى-
قىشقا ئۇلارمۇ قوشۇلمايدىكەن. تۈن قاراڭ-
غۇسى ئىچىدە مۈدۈرۈپ-قوپۇپ دېگەندەك
بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە باردىم. خەيرىيەت
ئۇ ئاغىنەمدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ
ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ كېچە سائەت
تۆت بولاي دېگەندە تاغام دادام بىلەن
كېسەلنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كى-
يىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ يوتقانغا چىڭ
پۈركىنىپ ياتتىم. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرى-

ماقتا. ئۇيان ـ بۇيان ئۆرىلىپ زادىلا ئۇخـ
لىيالمىدىم. كۆز ئالدىـمدىن تاغام بىلەن
تۇرسۇن زادىلا نېرى كەتمىدى. يېشى ئاتمىش
تىن ھالقىغان بۇ ئادەمگە ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ،
ماڭا مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ناھايىـ
تى تېزلا قېرىپ كەتكەندەكلا بىلىنەتـتى.
ئاستاـ ئاستا خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدۇم.
خىيال يىپلىرىم چىگىشلىشىپ كېتىپ باراتتى.
تاغامنىڭ بەش بالىسى بار بولۇپ، تۇرـ
سۇن يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇ مەندىن
ئىككى ياش ئەتراپىدا چوڭ بولسىمۇ، بىراق
باشلانغۇچ مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ئىدۇق.
(مەن ئۇ ۋاقىتتا چوڭ ئانامنىڭكىدە تۇراتـ
تىم). ئۇنى مەكتەپ بويىچە ھەممە كىشى
«ئۇششۇق» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ھەتتا دەرس
ۋاقىتلىرىدىمۇ ساۋاقداشلار بىلەن ئۇرۇـ
شۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى خاپا قىلىپ قوياتتى.
شۇڭا ھەپتە ئىچىدە بىر نەچچە پارتىغا
يۆتكىلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتـتى.
ئاخىرى ئۇنى بويىنىڭ ئېگىزلىكىگە قارىـ
ماي ئالدىغا ئەكىلىپ مەن بىلەن ئولتۇرـ
غۇزۇپ باقتى. ئۇنى ئوقۇتـقۇچى تەنقىد
قىلسا ئۇدۇل بېرىپ ئايىمخان ھەدەمگە
چېقىشتۇراتتى. ئۇ «مۇئەللىم شۇنچە باـ
لىلار پاتقان مەكتەپكە مېنىڭ بىر دانە
ئوغلۇم پاتمامدۇ؟ ...»، «ھۇ شۇمتەكلەر،
قايسىڭ مېنىڭ بالامغا چېقىلمىدىڭكە نەسەن
قېنى...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەكتەپـ
نى بېشىغا كىيەتتى. ھەدەمنىڭ مۇشۇ
خۇيى بىلەن تۇرسۇن ئېسىگە كەلمەي يەنە
سىنىپ قالدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى شەھەرـ
دە ئوقۇيدىغان بولۇپ يېزىدىن كەتتىم.
شۇنـدىـن كېيىن ئۇنـى بىر قارىمىغا
ئايرىپ بېرىپتۇ. ياندۇرقى يىلى تەتىلـ
نى يېزىدا ئۆتكۈزدۇم. بىر كۈنى تۇرسۇندىن:
ـــ «نېمىشقا ئوقۇمىدىڭ؟» دەپ سورىـ
سام، ئۇ قىزىقارلىق قىلىپ «جوزىدا ئولتۇرـ
سام بېلىم ئاغرىيدۇ، قارىمىنىڭكىگە بارسام
تىزىم ئاغرىيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.
تۇرسۇن، تاغام بىلەن بىرگە شەھەرگە
پات ـ پات كېلىپ بىزنى يوقلاپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ چوپ ـ چوڭلا
يىگىت بولۇپ قالدى. يىگىت بولۇپ قالـ
دىلا ئەمەس، ئىككى بالىغا دادىمۇ
بولۇپ قالغانىدى. تەتىلدە يەنە ئادىتىم
بويىچە ئۆسۈپ چوڭ بولغان يېزامغا بېرىپ
تاغاملارنىڭكىدە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالـ
دىم. تاغام پاقلان سويۇپ، تونۇر كاۋىپى
بىلەن بىزنى مېھمان قىلماقچى بولدى. ئۇـ
لارنىڭ مەھەللىنىڭ سىرتىدا ئۈچ تاش
سۇ تۈگمىنى بار ئىدى. بىز تۇرسۇن بىلەن
تۈگمەننى خەۋەر ئېلىشقا چىقتۇق. تومۇز
مەزگىلى بولغاچ ئۆستەڭدە سۇ ناـ
ھايىتى ئۇلۇغ ئىدى. سۇغا چۆمۈلدۇق.
كېيىن قارىسام تۈگمەننىڭ كاھىسى يار
كېتىپتۇ. تۇرسۇننى چاقىرسام ئۇ ئۇدۇل
ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. مەن بىر قانچە
كەتمەن توپا تاشلاپ بولغىچە سۇ سايغا
قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. تۇرسۇننىڭ بۇ
ئىشىدىن ئوغىسى قايناپ تاغام:
ـــ ھەي، سەنمۇ ئوغۇل بالىمۇ؟ بۇيەردىن
ئۆيگە يۈگۈرۈپ بارغىچە يارنى ئەتسەڭ
بولماسمىدى؟ ـ دەپ كايىپ كەچكىسىدىن تۇـ
تۇپ بىرنى ئىتتەردىمۇ، بالانىڭ چوڭى تىـ
رىلدى. تۇرسۇن گويا كىچىك بالىدەك يىغـ
لىغىنىچە ئۆيگە كەتتى. بىز يارنى ئېتىپ
ئۆيگە بارساق، ئايىمخان ھەدەم بوغچىسىـ
نى چىگىپ تەييار بوپتۇ. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن
شۇ ئىش ۋەجىدىن سوقۇشۇپ قالدى.
قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ توختىتىشىمۇ قارىماي
ئايىمخان ھەدەم تۇرسۇننى ئېلىپ ياماناـ
لاپ كەتتى. تۇرسۇنمۇ ھېچ ئىككىلەنمەسـ

تىن ئانىسىنىڭ كەينىدىن كېتىپ باراتتى.
ئۇنىڭ دېيىشىچە يۇرەك پارىسى بىر تال
ئوغلى بۇ ئۆيگە پاتمىغانمىش. مەن ئويلاپ
قالدىم. تۇرسۇن داستىخان چىۋىنىدەك بىرەر
ھىدپۇراپ قالدىمۇ بولدى، تاماق ئەتسە
قازان يېنىدىن، تاتلىق تۇرۇم پەيدا بول-
سا جاۋەن يېنىدىن زادىلا كەتمەيتتى.
ئايىمخان ھەدەممۇ «ئوغۇل بالا دېگەن
سوغۇقچان، ئوبدان باقمىساق بولمايدۇ»
دەپ ئەقەللىسى سەي قورسا بىر - ئىككى
تال گۆشنى ياكى توخۇمنى تۇرسۇننىڭ
ئاغزىغا سالاتتى-دە، تەلمۈرۈپ تۇرغان قىز-
لىرىنى سىرتتا ئويناشقا بۇيرۇيتتى. بۈگۈن
ئەجىبا تونۇردىكى پاقلان كاۋىپىنى، ئارقىسى-
دىن يىغلاپ ماڭغان ئىككى بالىسىنى تاشلاپ
ئانىسى بىلەن بىللە يامانلاپ
كەتكەن تۇرسۇننى نېمە دېگۈلۈك؟! شۇ يى-
لى مەن ئوقۇشقا كەتتىم. ئوقۇش پۈتتۈ-
رۈپ كەلگىچە تۇرسۇننىڭ بالىسى تۆت
بوپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئاشۇ ئىشتىن
كېيىن تۇگمەنگە چىقماپتۇ. گەرچە يەر-
لەر ھۆددىگە بېرىلگەن بولسىمۇ. لېكىن
ئائىلىسى ئۈچۈن بېرىلگەن ئالتە نوپۇس-
نىڭ يېرىنى زادىلا بىلمەيدىكەن. ئاتا -
ئانىسى كۆيۈمچان بولغاچقا ئۇنىڭغا قىشتا
سوغۇق، يازدا ئىسسىق كۆرسەتمەپتۇ.
خەج - خىراجىتى تاغامدىن، بولۇپمۇ ئا-
يىمخان ھەدەمدىن ئىكەن. ئايالى ياۋاش،
ئىتائەتمەن بولغاچقا ئېتىز - ئېرىق،
ئاش - تاماق، مال - مۈلۈك، بالا - چا-
قىلارنىڭ ئىشىنى ئۆيدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ
قىلىدىكەن. تۇرسۇننىڭ سۆزلىرىدىن قا-
رىغاندا ئۇنىڭ ئېسىدە نە ئۆي، نە تۇر-
مۇش، نە بالا بار دەيسىز؟ لېكىن ئاتا -
ئانا ئۈچۈن بالا دېگەن شۇنداق تاتلىق.
تۇرسۇننىڭ ھەر قانچە ئېغىرى بولسىمۇ

تاغاملار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس.

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى تۇرسۇنغا
ئىشقى سەۋداسى چۈشتى. ئۇ «شاڭپەيزۇ»-
غا كۆيۈپ قالغانمىش. ئاتا - ئانىسى،
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ھەممىمىز توستۇق.
ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئۇ «مەن
ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، يىراق شەھەر-
لەرگە كېتىمەن ...» دەپ ئايىمخان ھە-
دەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇنىڭ
دېيىشىچە ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا يۈ-
رىكى ئۆرلەرمىش، گاز پۇرىقى رەيھان
پۇرارمىش، ماشىنا ئىشقىدا، كۆندۈزلىرى
قولى ئىشقا، كېچىلىرى كۆزى ئۇيقۇغا
بارماسمىش، قىسقىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن جا-
نىڭ كېرىكى يوقمىش. شۇنداق قىلىپ
تۇرسۇن غالىب كەلدى. تاغاملار مال -
مۈلۈك، ئۆي - بىساتلىرىنى سېتىپ، قەرز
قىلىپ دېگەندەك ماشىنىمۇ ئالدى. ئايىم-
خان ھەدەمنىڭ نەزەرىدە ئوغۇل بالا دې-
گەن قىلغىنى بارنى قىلىپ، يېگۈسى بارنى
يەپ ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتسە بولىدۇ. ما-
نا شۇندىن بېرى ئۇلار ئالغان ئالتەپاي
چاقلىق ماشىنا يەردە ئەمەس، ئۇلارنىڭ
بېشىدا چۆگىلەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ
موچەنلەپ يىغقان تۇگمەن غەللىسى ما -
شىنىنىڭ ماي پۇلى بىلەن رېمونت ھەققى-
گە، كېچە - كۈندۈز تەر تۆكۈپ ئىشلەپ
ئالغان ھوسۇلىنىڭ پۇلى قەرزگە كېتىپ ئۇ-
لارنىڭ كۈنى سېرىقتال ئۆتۈشكە باشلىدى.
ئۆتكەن يىلى تاغاملار «نىرتنىڭ قەر-
زى تۈگەپ، تۇغقانلارنىڭ قالدى. ئۇلار-
نىڭكىنى تويدىن كېيىن بەرسەكمۇ بولار»
دەپ چوڭ قىزىنىڭ تويى ئىشى ئۈچۈن
غەم يەپ يۈرگەندە، تۇرسۇن بىر ھارۋىنى
سوقۇۋېتىپ زەخىملەنگەن كىشىنىڭ كېسىلىنى

(ئاخىرى 67 - بەتتە)

# «پىلىيوشكىن II» دا يارىتىلغان خاراكتېر ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە قاراشلىرىم

ئۆمەر مەتنۇرى

مىكرو ھېكايە ئادەتتىكى تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ئەڭ ئىخچام سېيۇژېت ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىششىقلانغان تىلنىڭ ياردىمى بىلەن مەلۇم پېرسوناژنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئىجتىمائىيەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئازادجان روزىنىڭ «پىلىيوشكىن I» ناملىق ھېكايىسىنى («يېڭى قاشتېشى» 1993- يىل 2 - سان) يۇقىرىقى تەلەپكە يەتكەن، خاراكتېر يارىتىش، سېيۇژېت ئورۇنلاشتۇرۇش، تىل ئىشلىتىش، تېما، شۇنداقلا قۇرۇلما جەھەتتە ئىخچام، پىكرى يارقىن، ياخشى چىققان ھېكايىلەرنىڭ بىرسى دېيىشكە بولىدۇ. مەن ھېكايىنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا ناھايىتى قىزىقىپ، دەرھال ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن نېمىشقىدۇ مۇسايوپ ھەققىدە ئۇزۇنغىچە ئويلاندىم. چۈنكى مۇسايوپتەك ئادەملەر ھازىرمۇ ئارىمىزدا ئۆمىلەپ يۈرمەمدۇ؟ ھېكايىدا، مۇسايوپ بىلەن ئۇنىڭ يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ كېسەلىگە تۇتقان ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغان، ئاخىرىدا يەنە، ئانا ۋاپاتىدىن كېيىنكى روھىي ھالەتلەر، ھەرىكەتلەر ۋە ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرى ماھىرلىق بىلەن يېزىلىپ، مۇسايوپنىڭ خاراكتېرى جانلىق يارىتىلغان. مۇسايوپنىڭ ئانىسى قەھرىتان قىش كۈنلىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا ئۇنىڭ يېزىدىكى كەنجى ئىنىسى مال - ۋارانلىرىنى سېتىپ ئانىسىنى داۋالىتىدۇ. لېكىن ئانىسىنىڭ كېسىلى ساقايمايدۇ. قايتا داۋالىتىۋېرىشكە بولسا پۇلدىن قىسىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاكىسى مۇسايوپتىن ئانىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل سوراپ كېلىدۇ. لېكىن مۇسايوپ ئانىسىنىڭ كېسەلىنى يوقلاش، داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ئىنىسىغا: «ئايدا ئالىدىغان تۆت تەڭگەم ئەجەب يوغان نېمە كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ - دە كۆزۈڭگە ... بۇ دېگەن شەھەر، شەھەرلىكلەرنىڭ خەجىگە پادىشاھنىڭ خەزىنىسى بولسىمۇ چىقىش قىلالمايدىغان گەپ، ھازىرچە ئۆزۈڭ ئامال قىل!» دەيدۇ. ئاكىسىدىن پۇل ئالالماسلىقنى كۆزى يەتكەن ئىنىسى باشقا تۇغقانلىرىدىن ياردەم سورايدۇ. ئۇلار ھالىغا يارىشا ئاز - پازدىن ياردەم قىلىدۇ. ئەپسۇس، ئەزرائىل «ئامانەت»نى ئېلىپ كېتىدۇ. ھايات ۋاقتىدا بىرەر قېتىم يوقلاشقا يارىمىغان، بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان مۇسايوپ، ئانىسى ۋاپات بولغان ھامان ئوتتۇرىغا چىقىپ پۈتۈن كائىناتنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ئاۋازى بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. ھەتتا بۇ ئۆلۈك باشقا تۇغقانلىرىغا مۇناسىۋەتسىزدەك مەسلىھەت سالماي، جەسەتنى ماشىنىغا سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ.

## كىتابخانىلاردىن خەت

ئاپتور ئارقىسىدىنلا مۇسايوپىنىڭ قىرىق نەزىرىدىكى ھېسسىياتى ۋە ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرى بىلەن يىل نەزىرىدىكى ئويلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇسايوپتىن ئىبارەت «ئىككىنچى پىلىيوشكىن»نىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ياراتقان. ئاپتور بۇ ئارقىلىق، جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتا - بالىلىق مېھرى-شەپقىتىنى يوقاتقان، ئۆلۈكلەرنىڭ نەزىرىسىنى بېرىشتىن ئىبارەت شەكلى ئۆزگەرگەن تىجارەت بىلەن پۇل يىغىشنىڭ كويىدا بولغان، يەنى ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى «بەخت-تەلەي، ئامەت، پۇل، بايلىق» دەپ بىلىدىغان، ئىنسانىي خىسلىتىنى يوقاتقان پەسكەش، نومۇسسىز خاراكتېرىنى قاتتىق قامچىلىغان. ئاپتور بۇ خىل ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇسايوپتىن ئىبارەت پېرسوناژنىڭ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ جەرياندا ئاپتور ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئورۇندىكى ئىككى قېرىنداشنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە پىلىيوشكىن I بىلەن I نى كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلغان. شۇڭا ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن مۇسايوپ پەقەت ئۆزى بولماستىن، بەلكى رايونىمىزدىكى «مۇسايوپلار» نىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق، رېئالنى ھاياتىمىزدىكى ئادەم ئېچىنىدىغان، يىرگىنىدىغان، لەنەت - نەپرەت ئوقۇيدىغان، پاجىئەلىك روھىي ھالىتىمىزدىكى يارا ئېغىزىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، مەنىۋىيىتىمىزگە بۆسۈپ كىرگەن. شۇڭا بۇ ھېكايە ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «پىلىيوشكىن I» لەردەك ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشىمىزدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ياخشى ھېكايىدۇر. مەن ئاپتورنىڭ «ئۆز قەلبىدىن ئۆزىنى تېپىش»نى ۋە تەھرىر تاغلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 65 - بەتتە)

داۋالىتىش، ھارۋا، ئېشەكنى تۆلەپ، يەنە ئىككى يېرىم مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ نەچچە يىللىق ھالىدىن كەتكەنىدى. تۈگمەن غەللىسىدىن باشقا كىرىمى بولمىغان ئۇن نەچچە نوپۇسلۇق بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئەمدى ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك ئېغىر كېلەتتى. تاغام تۇرسۇنغا «ماشىنىنى سېتىپ ئۇن زاۋۇتى ئېلىپ بېرەيلى» دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەنىدى، ئۇ قايناپ كەتتى. «مېنىڭ قايسى ئەل - ئاغىنىلىرىم ئۇن خامېنىسغا چۈشۈپتۇ؟ مەن ئۇن تارتامدىم ... بولدى، ئۇنداق بولسا...» دېگىنىچە چىقىپ كېتىپ تاغاملارنىڭكىگە ئىككىنچى قەدەم باسماپتۇ. ئانىلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يۇمشاق، كۆيۈمچان كېلىدۇ. بىزدىن خاپا بولۇپ يۈرمە، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ يۈرەك پارىسىنى ئاران دېگەندە ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. روشەنكى ئاتا - ئانا قەرز ئۈچۈن تۇرسۇننىڭ ئۇلارغا ياندۇرغىنى چېكى يوق غەم - قايغۇ، ھەسرەت - نادامەتتىن ئىبارەت بولسىمۇ، يەنىلا ئاتا - بالىلىق مېھرى - مۇھەببەت ھەممىنى ئەپۇ قىلدۇردى، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. چۈنكى پۇل دېگەن ئادەم تاپىدىغان نەرسە. لېكىن ئاتا - ئانا كۆڭۈل ئارامىنى پەرزەنت ئىشقىدا يېنىۋاتقان يۈرىكىنى پۇلغا سېتىۋالالمايدۇ - دە، شۇنىسى ئەپسۇس، بەك ئەپسۇس! بۇ نۆۋەتتىكى ھادىسىدە بىرسى ئۆلگەن، يەنە بىرسى مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالغان. ئەمدى تۇرسۇننىڭ بۇندىن كېيىنكى ھالى نېچۈك بولار؟ ھەي «ئەسكى بالا — باشقا بالا» دېگەن شۇكەن، ئەمدى ئۇنىڭ دەردىدە بىچارە تاغام بىلەن ھەدەم نېمە بولۇپ كېتەر ...

# «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق ھېكايە توغرىسىدا

(ئوبزور)

غوپۇر توختى

بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزدا، بولۇپمۇ بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ھەقىقانىيەت، ئادالەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلاپ، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقتا ۋە ئىسيانكارلىق روھىغا باي ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە ۋە زوراۋانلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، خۇراپىيلىق ۋە قاتماللىق ئامىللىرىغا ئۆزلۈكسىز جەڭ ئېلان قىلىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر قەھرىمان ئەجدادلىرىمىز سان - ساناقسىزدۇر. ئۇلارنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن مىننەتسىز ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىدا تۇرۇپ، مەنىۋىيىتىمىزدە ئۇلار ئۈچۈن مۇستەھكەم ھۆرمەت مۇنارى تىكلەش، كىتابخانلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي رېئاللىقتىن ئەينەن ۋە توغرا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش — ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەت.

دەرۋەقە، بۇ ئەدىبلىرىمىزدىن ئىنتايىن زور مەنىۋى مېھنەت ۋە پۇختا تارىخىي بىلىم ھەم ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ھەم قىيىن ھەم شەرەپلىك بولغان جاپالىق ۋەزىپە بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمىز كلاسسىكلار توغرىسىدا ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، كىتابخانلارغا ئىنتايىن قىممەتلىك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئېسىل مەنىۋى ئوزۇقلارنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

يولداش نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 2- سانىدا ئېلان قىلىنغان «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق تارىخىي ھېكايىسى تىلى، جانلىق ھېسسىيات، مول تەسەۋۋۇر ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ بەدىئىي يىلنامىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، بۇ يىلنامىدا شاھ مەشرەپتىن ئىبارەت خاسلىقى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان بىر ھەقىقىي لىرىك شائىرنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى سىزىپ بەرگەن. مىللىي شېئىرىيىتىمىزدىكى غەزەلچىلىك ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن شائىرنىڭ مەۋھۇم سىماسى ئاپتورنىڭ بۇ ھېكايىسىدىكى رەڭدار تەسۋىر، قويۇق شېئىرىي تۈس ھەم ئاجايىپ ئۇچقۇر ۋە ئۆتكۈر تەسەۋۋۇر قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا تولىمۇ يېقىملىق، جانلىق، كونكرېت بەدىئىي ئوبرازنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئەسەردە زامانىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادچىلارنىڭ ئىلغار ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى داۋام ئەتتۈرگەن ئاساستا تىل تەسۋىرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى ھەم مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ

روشەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئىجادىي ئۇسلۇب ياراتقان دېيىش مۇمكىن. چۈنكى مەن بۇ ژۇرنالنىڭ دائىملىق كىتابخانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاپتورنىڭ مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1993 - يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان «قوش تاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق تارىخىي ھېكايىسىنىمۇ كۆرگەن. ئۇ ھېكايىدىمۇ تىل، تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش جەھەتتە يۇقىرىقى ئەسەر بىلەن ئورتاقلىق مەۋجۇت.

«شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق ھېكايىدا ئاپتور شاھ مەشرەپنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشتا ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقنى سەنئەت جەھەتتىن تونۇش ۋە ئىگىلىشىدىكى ئاساسلىق تەپەككۇر شەكلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتىئىنەزەرگە خېلىلا ئېتىبار بەرگەن ۋە ئاشۇ تەپەككۇر شەكىللىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، ئەسەردە خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئەسەردە ئاپتور چىن ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەر بىلەن كىتابخانلارنى شاھ مەشرەپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەبىئىي مۇھىت بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز - خۇلقى، چىراي ۋە قىياپەت ئالاھىدىلىكىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شاھ مەشرەپنىڭ نامانگاندىكى كوچىغا دوقمۇش چىقىرىپ ئۆيى سېلىنىۋالغان «نەپسى قۇل نائەھلى» نىڭ كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىنى بەرگەنلىكى، «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» دىكى تالىپلارنىڭ قائىدىسىز بەدقىلىقلىرىنى ۋە مەھكىمە شەرئىيدىكى تەييارتاپ، ئاچكۆز ئەبلەخلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن باپلىغانلىقى، ئەلەم ئاخۇننىڭ مېھماندارچىلىقىنى مەنسىتمىگەنلىكى... قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلىكلەردە شائىرنىڭ ھەققانىيەت ۋە ئادالەت يولىدا ھېچقانداق ياۋۇز كۈچلەردىن قورقمايدىغان قەيسەر ۋە مەردانە قىياپىتى كىتابخان قەلبىدە بۇ غايىۋى قەھرىمانغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قوزغايدۇ. ئۇمۇمەن ئاپتور بۇ ھېكايىدا ئەسەر تىلىنىڭ ساددىلىقى، راۋانلىقى، ئاھاڭدارلىقى، نەپىسلىكى ۋە مەنادارلىقى ھەم ئاجايىپ ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە ۋە ئاچچىق مەسخىرىگە تولغان ھەجۋى تەسۋىرلەرنى قوللىنىش جەھەتلەردىمۇ، ئەسەردە كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزگە ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس بولغان ئەنئەنىۋى تەسۋىرى ۋاستىلار كەڭ ئورۇن ئالغان بولۇپ، كومپوزىتسىيە جەھەتتىكى زىچلىق، مۇكەممەللىك، ئىخچاملىق ۋە پۇختىلىق ئارقىلىق چېچىلاڭغۇلۇقتىن خالىي بولغان بىر پۈتۈن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى جانلىق نامايان قىلغان.

يۇقىرىدا مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدەك ئەسەر ھەر جەھەتتىن خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەمما ئالتۇنمۇ ساپ بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئاپتور ھېكايىدا بەزىبىر قىسمەن نائېنىق مۇجمەللىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويغان. مەسىلەن: ھېكايىنىڭ بېشىدا شاھ مەشرەپ مىنىپ كېتىۋاتقان كۆك ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە قوندۇرۇۋالغان غاز يەككە ئىدى. لېكىن ئېشەك كۆكۈيۈننىڭ زەربىسىگە چىدىماي ئۆزىنى يەرگە تاشلىغاندا « غازلار قاناتلىرىنى كېرىپ، مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قالغان » دېيىلگەن، « لار » دىن ئىبارەت كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ئورۇنسىز قوشۇلۇپ قېلىشى بىلەن ئەسلىدىكى يەككە غازنى بىر توپ غازغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. شاھ مەشرەپنىڭ نالە قىلىۋاتقان ۋاقتىدىكى ھالىتىنى « ئوغلاقلىرىدىن ئايرىلغان ئاھۇ كېيىك » كە ئوخشاتقان ۋاقىتتا قوللانغان ( بۇ ئوخشىتىشتىكى سەۋەنلىك

ئەمەس ) « ئوغلاق » ئاتالغۇسى تازا جايىغا چۈشمىگەن . چۈنكى كېيىك كالا تىپىدىكى هايۋان . كىيىك بالىسىنى ئوغلاق دەپ ئاتىماي كېيىك توپىقى ياكى موزىيى دەپ ئېلىش بىزنىڭ هايۋانلارنى ئاتاشتىكى مەنتىقىمىزگە ئۇيغۇنراق بولار . يەنە شاھ مەشرەپ قاراقاشتىكى دەڭگە چۈشكەندە ، دەڭچى ئۇنىڭ قولىدىن «كۆك ئېشەكىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى » دېيىلگەن . بۇ يەردىكى تىزگىن دېگەن سۆزنى بىز ئاتقا سالىدىغان يۈگەننىڭ تىزگىنى دەپ چۈشىنىمىز . ئەمما ئاپتور ھېكايىدا كۆك ئېشەككە يۈگەن سېلىنغانلىق توغرىسىدا تەكىتلىمىگەن . بۇ ئاتالغۇنى ئاپتور كېيىنكى بايانلىرىدا تەسۋىرلىگىنىدەك چۇلۋۇر ياكى ئاغامچا دەپ ئېلىش ئەقلىغا مۇۋاپىقراق دەپ ئويلايمەن. يۇقىرىقى قىسمەن ئەھۋاللار گەرچە ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مۇكەممەللىكىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىسىمۇ لېكىن ئادەتتىكى ئاتالغۇلارنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىش ، كىتابخانلارغا خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ھەر بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى — ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىجادچىلىرىمۇ ئەينى دەۋردىكى ئىلغارلىققا ۋە ئاڭلىقلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك مەدەنىيەت ئىگىلىرىدۇر . ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىنىي ئەقىدىلەر خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە جەمئىيەتتىكى يامان ئىشلارنى توسىدىغان ، بولمىغۇر ناچار ئىللەتلەرنى چەكلەيدىغان قانۇن سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن ( گەرچە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاپ سەلبىي جەھەتتىن پايدىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ). ھېكايىدا ، ئاپتور شاھ مەشرەپنىڭ « ناسىر ھاجىم مەسچىتى » نىڭ ئەزان راۋىقىدىن « گۈللۈك ئۆستەڭ» گە شارقىرىتىپ سىيگەنلىكى، ئەلەم ئاخۇننىڭ مېھماندارچىلىقىنى مەنسىتمەسلىك ئۈچۈن شاھ مەشرەپنىڭ ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان مېھمانخانىدا ئېشەك ، غاز قاتارلىق ھايۋانلار بىللە تۈنەپ، ئەتىسى ھېلىقى مېھمانخانىنى « ئادەم گەندىسى ، ئېشەك تىزىكى ، قۇش مايىقى » قاتارلىق مەينەتچىلىكلەر بىلەن بۇلغىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغان . بۇ يەردە شاھ مەشرەپنى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلمايتتى دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە مەرىپەت ئىگىسى تۇرۇقلۇق، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەم قانۇنى ھېسابلىنىپ كەلگەن دىنىي ئەقىدىلەرگە تولىمۇ ھاياسىز ئۇسۇللار بىلەن خىلاپلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ مەسىلە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئىجابىي پېرسوناژلار ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئىلغار كۈچلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي توقۇلما ۋە مۇبالىغە چەكتىن بەك ئېشىپ كەتسە بىمەنىلىككە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولماستىن، بەلكى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا پىششىقلانغان، تىپىكلەشكەن، ئوبرازلاشقان، تۇرمۇشتىن بىر نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن تەسەۋۋۇرىمىزدىكى چىنلىقتۇر. ئەلۋەتتە ، بۇ مېنىڭ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئەسەرگە بەرگەن سەممىمىي پىكرىم. شەخسى كۆز قاراشلىرىمنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئاخىرىدا، ئاپتورنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن.

# تەنھالىقتىن قايتىش

(تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» ناملىق پوۋېستىغا ئاتايمەن)

ئەكبەر سالىم

قۇياش ئەلمىساقتىن بېرى بۇ مۇقەددەس زېمىنغا تېنىمسىز ھارارىتىنى مۇھەببەت بىلەن سېپىپ تۇرماقتا. مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئىنسانىيەت ئالىمى مۇشۇ مۇھەببەت سېھرىدىن گۈزەل ۋە ساخاۋەتلىك سۈپەتتە بىنا بولغان، بارلىق مەۋجۇدات مانا مۇشۇ ئىزگۈلۈكتە ئۆزىنىڭ ئىلاھىلىق كامالىتىدە شۇنداق سۆيۈشلۈك تەرىزدە ئېپجىل ئىدى. لېكىن مېنىڭ بۇ خىيالىم ئۆزىنىڭ ساماۋى ئالىمىدىن ئاسانلىقچە قاڭقىپ چىقالمىغۇدەك. چۈنكى ئادەم ئۆز جەننىتىدىن ئايرىلىپ سەرسان يۇرۇۋاتقىنىغا ئۆكۈنمىگەن، سەرسانلىقتىن تەرك بولۇش ئارزۇسىنىمۇ چىڭىغا چىقىرالمىغان. بەلكى چەكلەنگەن مېۋىلەرنى يېيىشكە شۇ قەدەر ئامراق بولۇپ كەتكەن. شۇڭا سەرسانلارنىڭ بۇ تەقدىرى يەنە بىز سەرسانلار ئۈچۈن بىر قىزىق جاھان بولۇپ تۇرۇپتۇ.

كىملەر كۈلدى، كىملەر يىغلىدى؟ بۇنىڭغا چەك بېكىتىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەر كىم قادىر ئەمەس. «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى»، ئۇنىڭ ئۇپۇق سىزىقى ئالۋۇندەك سېھىرلىك، بىزگە ھېلىھەم مۇھەببەت كېرەك. بىزنىڭ كەلمىشىمىزدىن كەتمىشىمىزگىچە بولغان بوشلۇقتا «بەخت، خۇشاللىق» دېگەن سۆزلەر ئۇدۇم قىلىنغان، ئەپسۇس، بۇ سۆزلەر كۆپ ھاللاردا ئالمىشىپ، يەنە يېڭىلىنىپ تۇردى.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئاپىرىدە بولۇش نۇقتىسىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالداشتەك پىسخىكىدىن تەرك بولالمىدى. ئالداش ۋە ئالدىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مۇقەددەس تەسەللىي تېپىۋالدى، شۇنداقلا يەنە ئاجايىپ ئېغىر ئازابلارنى كەلتۈرۈۋالدى. ئالداش ۋە ئالدىنىش ئەمدى بۈگۈنكى كۈندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتىدا، كىشىلەر مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدا ئەڭ يۇقىرى بالاغەتكە يەتكەن بولسا كېرەك. بۇ پاجىئە يەنى ئالداشنىڭ قۇربانى بولغان خەدىچەنىڭ پاجىئەسى بىزنى ئېتىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ سەمىمىلىك بىلەن بىر قاتار رېئاللىق ئۈستىدە ئويلىنىشقا، ئۇنىڭ تەنھالىق ئالىمىنى سەير ئېتىپ بېقىشقا ئۈندىمەكتە. ئالداشنىڭ قۇربانى بولغان ۋە يەنە ئالداش ئارقىلىق جىنايەتكارغا ئايلانغان خەدىچە ئۆز كەچمىشلىرى ئارقىلىق مەۋجۇدىيەت ئاساسلىرىغا نېمە دەپ پىچىرلىدى؟...

بىز ئۇنىڭ جاراھەتلىك يۈرىكىنى، تاشلىنىپ قالغان تەنھالىق ئالىمىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىمىزدىكى جىنايى تۇيغۇمىز بىلەن ئالدىراپ كۆرۈشەلمەيمىز ھەم ئۇڭايلىقچە ئۆزىمىزنى چەتكە تارتالمايمىز. چۈنكى بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقىنى يەنىلا ئىنسانى قان!

كىشىلەرنىڭ روھى ئەسلىدىنلا ئەڭ پاكلىق ۋە ئىزگۈلۈك نۇرلىرى بىلەن مەڭگۈ پاكىز تۇرۇشى كېرەك ئىدى. خەدىچە ھەممىدىن ئاۋۋال ئاشۇ روھنىڭ ئىنكاسى، بىراق

ئۇنىڭ تېنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بۇلغانىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا يەتكۈچە تەنھالىق، ئازاب، قايغۇ ئېلىپ كەلدى. كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن روھى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ، تەنھالىقتا ياشاشنى باشلىدى.

مۇبادا بۈگۈنكى دۇنيادىكى يېڭى ئىنسانچىلىق ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا كەڭ تېممىدىن چۈشتى دەپ قارالسا بۇ سەل يەڭگىلتەكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم بولىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە يېڭى ئىنسانچىلىقىمىزلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ پۈتۈكلىكى ئادەم ئۈستىگە، رېئال شەخسىي ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇڭا بىز ئۆزىمىز ئۈستىدە بولغان ھەر قانداق پاراڭغا چۈش مىجەزدە مۇئامىلە قىلالمايمىز. شۇنداقلا مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغان يېڭى ئىنسانچىلىق دېگەن سۆزۈممۇ ھەممىدىن ئاۋۋال بىر شەخس ئۈستىدىن چۈشىدۇ.

مۇھەممەت تەقدىرنىڭ كرېستىمان يولىدا بىر ياماقچى ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئايال ئۇلۇغ كۈندە تەنھالىق ئالىمىدە سەرسان ياشاۋاتاتتى. ئالدانغۇچىنىڭ ئالدىشى، تەنھالىقنىڭ ئىسيانى مانا مۇشۇ يەردىن باشلاندى. كۈنلەر ئىزتىراپ، كۈتۈش، ئۈمىد بىلەن ئۆتتى. تەشنالىق، بىر مۇھەببەت ئالەمىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى.

ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشىنىش بىر خىل پارلاش، پەقەت پارلىنىش ئارقىلىقلا كىشىلەر تېرەن رىشتىلەرنى باغلىيالايدۇ ۋە ئۈزەلەيدۇ. كېيىن مۇھەممەتنىڭ كۆڭلىدە پارلىنىش يۈز بەردى. بۇ بىر مەيدان ئالداش ۋە ئالدىنىش چېكىگە چىقتى. ئاخىرقى يېڭىلگۈچى كىم؟

بىز يەنە خەدىچىگە قايتىپ كېلەيلى، ئۇ ئالدانغان شەخس. مەتتىمىن ئۇنى شوخ بالىلىقىدىن، قىزلىق پاكلىقىدىن، بەختىدىن مەھرۇم ئەتتى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ كونا ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلارنىڭ پاجىئەسى گىرۋىكىدىن تەنھالىق ئالىمىگە يىقىلدى. كېيىن ھايات خوۋلۇقلىرىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ بەختسىز ئايال سەرسانلىقتا غالداڭلاپ ياشاشنى داۋام ئەتتى. خەدىچىنىڭ تەنھالىقى ھەم بىر قاتار بەختسىز كەچمىشى بىر قىسىم جەنۇب خوتۇن - قىزلىرىنىڭ تەنھالىقى ۋە پاجىئەسى.

قۇياش يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتماقتا، چەرخ چاقى داۋاملىق پىرقىرىماقتا. خوش، خەدىچە مۇھەممەتنى نېمە ئۈچۈن ئالدىدى؟ بۇ سوئالغا خەدىچە ئۆزى ئاللىقاچان ئېنىق جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئۆز كەچمىشلىرىنى ھەسرەت بىلەن «تۇرمۇشىمدا قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى، غۇربەتچىلىك مېنى قايتىدىن ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالدى. قانداق قىلاي، سىزنى ئالدىدىم» دەيدۇ. «يوقسۇللۇق تاشتىن قاتتىق.» رېئاللىق دوقمۇشلاردا كۈز غازىڭدەك سوپۇرۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان بۇ ئايالنى ئاخىرى ئالداپچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ھايات ئۇنىڭ سەرسانلىق قەدىمىنى مۇشۇ يەرگىچە تارتىپ ئېلىپ كەلدى.

ئەسەردە مەتتىمىننىڭ خەدىچىنى ئالدىشى بىلەن خەدىچىنىڭ مۇھەممەتنى ئالدىشىدەك ئىككى لېنىيە بار. مەتتىمىننىڭ خەدىچىنى ئالدىشى — ئىنسانىي تەبىئىتىدىكى

جىنسىي ئىستەكنىڭ يالىڭاچلا جىنايىتى . خەدىچە ئۇنىڭ قولىدا خارلىنىش ئىسكەنجى-
سىگە چۈشىدۇ . ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ئازاب. مەتىمىننىڭ ئالداش ۋاستىسى پۇل . شۇڭا
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ھاياتنىڭ بىرەر مەنىلىك بەلگىلىرىنى ، ئىزگۈلۈكلىرىنى ئۇچ-
رىتالمايمىز . خەدىچىنىڭ مۇھەممەتنى ئالدىشى — ئۆزىنىڭ روھ قەپىزىنى، تەنھالىقى-
نى بىر دەملىك ئۇنتۇش ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى ئاز-تولا
قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر . ئۇنىڭ ئالداش ۋاستىسى مۇھەببەت، بۇ يەردە بىر ئويلىنىش
بوشلۇقى ، پەلسەپۋى مەنا تىرەنلىكى يېيىلىپ تۇرىدۇ.

خەدىچە بىلەن مۇھەممەتنىڭ ئۇچرىشىشىدىن بىز ھاياتنىڭ گۈزەللىك ۋە
سەتلىكىنى ، ئالىيجانابلىق ۋە رەزىللىكىنى ، مۇھەببەت سەۋدالىقىنى ، يەنە كېلىپ
نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ تەنھالىق ئالىمىدە سەرسان ياشاۋاتقان بىر ئاجىزەنى
چۈشىنىشىمىزگە ئىمكاندار بولىمىز.

ئەمدى ھېلىقى سوئالىمىزغا كېلەيلى ، ئاخىرقى يېڭىلگۈچى كىم ؟ خەدىچىمۇ ؟
مۇھەممەتمۇ ؟ ھېچكىم يېڭىلگۈچى ئەمەس . لېكىن ھېچكىم ئۆزىنىڭ تولۇق غالىبلىقى-
نى جاكارلىيالمايدۇ.

خەدىچىنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ
ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك . ئىنسانىيەت
يارالغىنى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئەركىن ياشاشتەك مۇقەددەس ھوقۇق بېرىلگەن. لېكىن خە-
دىچىنىڭ بۇ ھوقۇقى كۈچلەر زوراۋانلىقىنىڭ مۇتەھەملىكى بىلەن دەپسەندە قىلىندى.
شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۇقەددەس ھوقۇقىنى ئىزدەپ تېپىشۋېلىشى كېرەك. خەدىچە ئوب-
رازى جەنۇب ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئوبرازى. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە، ھاياتقا بول-
غان ئىنتىلىش، ئارزۇ - ئارمانلىرى شۇنچىلىك يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. ئۇ تەڭلىك ۋە تال-
لاش ھوقۇقىغا ئېرىشىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولالمايلا قالماس-
تىن، ئۆزگىلەرنىڭ خەير - ئېھسانىغا، مۇھەببىتىگە، ھەتتا ئىچ ئاغرىتىشىغىمۇ ئېرى-
شەلمىدى. لېكىن بىزنىڭ ئالىمىمىز ئەلمىساقتىن بېرى دۇرۇسلارنىڭ كۆڭلىدىن، ياخشى-
لارنىڭ مۆرىۋىتىدىن كۆكلەپ كەلگەن. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، بىر يىغىنىڭ بىر
كۈلكىسى بار. خەدىچە ئۆز شادلىقىدا كۈلەلىدى. ئالداش ۋە ئالدىنىش يەنە بىر مۇ-
كەممەللىكنى ياراتتى .

خوش، ئەمدى بىز پوۋېستنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە سۆز باشلايلى، ئەدەبىياتمۇ
بىر دۇنيا. بۇ دۇنيادا بىز ياشايمىز. شۇڭا ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى تۇرمۇش رېئاللى-
قىغا ئۇيغۇن بولغان چىنلىق بولۇشى كېرەك. بىراق مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە بۇ ئە-
سەردە تۇرمۇشقا، چىنلىققا مۇخالىپ كېلىدىغان بەزى ئۇششاق «رېئاللىقلار» بار. بۇ
خىل سەۋەنلىك گىرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق نۇقتىلاردا، تۇرمۇش چىنلىقى ئۆلچىمىدە
ئايان بولىدۇ. مەن بۇلاردىن بىر نەچچىنى مىسالغا ئالاي. مۇھەممەت ھېيتگاھ ئالدىدا
ساماغا چۈشۈپ ئايىغى يىرتىلىپ كەتكەندىن كېيىن ياماقچىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ياماقچى ئا-

يال ناتونۇش بىر خېرىدارغا بىر هازاغىچە ئېغىزى بېسىقماي سۆزلەپ كېتىدۇ؛ مۇهەممەت مەڭگۈنۇرنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ بىر نەچچە پارچە هېچقانچە بەدىئىلىكى ياكى يېڭىلىقى بولمىغان شېئىرى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، شائىر سانىلىپ قالىدۇ... بۇلارنى هەر قانچە زورۇقۇش بىلەنمۇ ئۆزىمىزنىڭ قوبۇل قىلىش بوشلۇقىمىزغا سىغدۇرالمايمىز. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇهىتتەسۋىرى، سۆز-هەرىكەتلىرى چىنلىق بالاغىتىگە يېتەلمىگەنلىكى كىشىنى خېلى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

«يىگىرمە ئالتە يىل قاغجىرىغان بىر يىگىتنىڭ ئەتلىك كۆڭۈل زېمىنى نېمانچە ئاچ - هە!» بۇ جۈملىگە سىنچىلىق بىلەن قارىساق، كىشىدىن خېلى كۆپ سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەركەك زاتى ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا يىگىتلىك بالاغىتىدە كۆز ئاچمايدۇ. مەيلى كۆڭۈل بولسۇن ياكى زېمىن بولسۇن «ئاچ» بۇ سۆز ئۆز زىبالىقىغا كەلمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ناغرىنىڭ گۈمبۈرلەشى (گۈمبۈرلەش سۆزىنى ناغرىغا ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس)، پارتىدا بىر قىزنىڭ ئولتۇرۇشى (ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك جاي ئورۇندۇق، پارتا بولسا ئۈستەلنى كۆرسىتىدۇ) هۇنەرۋەن يىگىتنىڭ مۇهەممەتكە تاماكا ئوراپ، ئوت يېقىپ سۇنۇشى (ئەرلەر ئادەتتە بىر - بىرىگە موخۇركا تۇتقاندا، ئورىماي، موخۇركىنى قەغەزگە تۆكۈپلا سۇنىدۇ) قاتارلىق تەسۋىرلەر رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. «مەن بۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىدە ۋەسلىگە يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ رولىنى ئېلىپ ئىككى يېقىمغا قارىماي يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردىم...» ئۇيغۇر تىلى گىراممىتىكىسىدا بۇنداق جۈملە شەكلى يوق. بۇ بىر تولىمۇ مۇجمەل جۈملە. قىسقىسى ئاپتور شۇنداق ياخشى بىر تېمىغا تۇتۇش قىلغان - يۇ، لېكىن ئۇنى هەقىقىدىغا يەتكۈزۈشتە ئالدىراپ كەتكەن. باشقا كىتابخانلار نېمىلەرنى ئويلاشتى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. لېكىن خەدىچە تەنهالىقتىن قايتتى. ئۇ ئالدىنىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىن قانداق يىراقلاپ كەتكەن بولسا، يەنە ئالداش ئارقىلىق كىشىلەر توپىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ هاياتى، كەچمىشى بىزنى قايتا ئويلىنىشقا، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يېڭى ئىنسانچىلىق ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

جاهاننىڭ ئېتىكى كەڭرى. خەدىچە تەنهالىقتىن قايتىپ، هايات قايىنىمى بىلەن قايتا قۇچاقلاشتى. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئالداش ۋە ئالدىنىشتەك بىر خىل پىسخىكا تېخىچە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. شۇڭا ئەسەردە بىر خىل ئاچچىق كىنايە يۇراپ تۇرىدۇ. بىز باشقا كۈچكە مۇراجىئەت قىلالمايمىز. باشقا كۈچتىن ئۆزىمىزنىڭ روهىنى پاكلاشنى، هاياتنىڭ دەز كەتمەسلىكىنى تىلىيەلمەيمىز. چۈنكى بىز- بىز ئۆزىمىز. بىز تەقدىرنىڭ تۆمۈرچىلىرى. بۇ جاهان بىزنىڭ جاهان. قېنى، ئىسسىق يۈرىكىمىزگە قول سېلىپ باقايلى. بىز ئەمدى نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەككىن؟ هاياتنىڭ قايسى ناخشىسىنى ئېيتىشىمىز لازىمكىن؟ بىز پەقەت جۈپ قوللىمىزنى كۈچلۈك مۇهەببەت بىلەن هايات هېكمەتلىرىگە، ئۆزىمىزنىڭ بارلىق قەۋم - قېرىنداشلىرىمىزغا سۇنايلى. سەرسانلارنىڭ تەنهالىقتىن قايتىدىغان ۋاقىتلىرى بولۇپ قالدى. جاهاننىڭ ئېتىكى كەڭرى،

# كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سەھرا

**غوجەمۇھەممەت مۇھەممەت**

## كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سەھرا

كۆرگەن كۆككە بالقىغان كۈننى،
تۇنجى قېتىم شەپقىتىدىن مەن.
تۇنجى كۈيۈم بولغان تەۋەللۇت،
سەن بەرگەن ھېس - تۇيغۇلار بىلەن.

خىلۋەت بۇلاق، تەسكەي جىگدىلىك،
ئېلىپ قالغان چۈشۈمنى تالاي.
سانسىز تۈنلەر تەنھالىقىمدا،
سىرداش بولغان كۆكىتىدىكى ئاي.

قەلبىمدىكى مۇنبەت زېمىنغا،
يەلتىز تارتقان رەڭدار گۈللىرىڭ.
ئۇۋۇا سالغان يۈرىكىمگە ھەم،
كەچ كۈز پەسلى كۆچمەن قۇشلىرىڭ.

باللىقىم يۈتكەن يامىشىپ،
كۆز يەتمەس تاغ چوققىلىرىڭغا.
رىشتىم ساڭا تۇتاش ئېھ مەڭگۈ،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سەھرا!

## سەن ئاخشامقى چۈشۈم ئەمەسمۇ...

سەن ئاخشامقى چۈشۈم ئەمەسمۇ،
قىرقىم چاچلىق ناتونۇش قىزچاق.
يېلىم چاپقان قىرىق كوكۇلاڭ،
مەجنۇنتالغا ئايلاندى قانداق؟!...

تونۇمايدۇ باللىق قەلبىم،
نېچۈن سېنىڭ قەلبىڭنى پەقەت.
ئۇچۇپ كەتتى قۇش بولۇپ قاچان،
پارلاپ تۇرغان تۇنجى مۇھەببەت؟

ياردىڭدىكى چالما جىڭدە،
سەبىيلىكىڭ كەتكەنمۇ ئۆلۈپ.
ئۆگەندىڭمۇ ئۆلۈك چېھرىدىن،
جىلۋىسىزلا قويۇشنى كۈلۈپ.

سەن ئاخشامقى چۈشۈم ئەمەسمۇ،
سەن ئەمەسمۇ سۆيۈملۈك سەھرا.
چۈشلىرىمگە كىرىپ بۇ كېچە،
قايتىۋالغىن باللىقىمغا.

## ئېھ سېھرىگەر، ئېھ شېتىلە شوخ سەھرا

ئويغاتماقتا ئۇخلاپ قالغان تۇيغۇمنى،
سالا - سالا ئېتىزدىكى گۈل نازى.
جۇل تاملىقتىن يېپىلماقتا جاراڭلاپ،
ئېسىم تامان باللىقىم ئاۋازى.

قىرچىن ئاتقا مىنىۋالغان چوپان تاز،
ھەسلىمەمنى پۈۋلىمەكتە نېپىدىن.

گۈل تەرمەكتە قۇياش يۈزلۈك بىر قىزچاق،
قەلبىمدىكى يۇمران ۋەھپە يېرىدىن.

چۆچەكلەرگە سىڭىپ كەتكەن ھېسلىرىم،
ئىزدەپ يۈرەر چىن شەھرىدە ياغاچ ئات.
قىسسە سۆزلەپ ئولتۇرار دىل خانىسىدە،
يۈرىكىمنى ئېلىپ قاچقان پەرىزات،

ئۇچماقتىمەن تەپەككۇرۇم كۆكىدە،
ئايلانماقتا تال ـ چىۋىقلار دۇلدۇلغا...

قايتتى بىردىن ھەممە نەرسە ئەسلىگە،
ئىھ سىھىردىگەر، ئىھ شىتمىلە شوخ سەھرا!

## سەھرا قىزى

سەھرالىقىم، چىرايلىقىم كەلگىنە،
سۆيۈپ قويغىن قاغجىرىغان لىۋىمگە.
توزان ئىچرە بالقىپ تۇرغان يۈزۈڭنى،
يېقىپ قويغىن يانالىغان يۈزۈمگە.

كۆڭۈل پىنھان تىترەشلەردىن كۆيلەر مەست،
چاپچىپ تۇرغان يۈرىكىمگە مىنىۋال.

تاۋلانماقتا ئالتۇنلىرىڭ ئىشقىمدا،
دىل خانەمگە كىرىپ ئۇنى ئېلىۋال.

ۋىسال پەيتى چېچىلماقتا سەبىرلەر،
سوزۇلماقتا كۆكسۈڭ تامان مەستىلىك...
شەرىم تىغى سالدىڭ بىردىن كۆكسۈمگە،
«ئاھ يۈرىكىم، ئاھ يۈرىكىم، ئاھ يۈرەك»①

## خامان ناخشىسى

ئويغاق چۈشلەر چىقتى بىردىن تاڭغا دۈپۈرلەپ
تۇرۇپ قالدى ھاڭۋاققانچە سىتەمكار ھايات.
چەرخ ئۆتمۈش رېلىسىدا كەتتى غۇيۇلداپ،
ئۇچتى قانلار تومۇرلاردىن قېقىپ پەر ـ قانات.

«قابا پەلەكنىڭ گەردىشى ...»دىن ئېرىپ ئەرشمۇ،
يۇمۇۋالدى ھېسسىياتچان كۆپكۆك كۆزىنى...

ئۇر بېتىسىن ئۇنتۇپ مەتتا يەرشارىمۇ مەست ـــ
ئايلىنىشقا باشلىدى بىر غەيۇر مومىنى.

ھەيۋەت تاغلار، تىك چوققىلار ئېگىلدى ئاڭا،
دەريالارمۇ پاتتى چوڭقۇر سۈكۈتكە بۇ ئان.
سىڭىپ كەتتى دانە ـ دانە دانلار باغرىغا،
گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلاپ نەرەتارتقانچە مۇقام.

## باشاق تېرىپ يۈرەر بىر موماي

زېمىن غايەت ئاتەشداندۇر گويا مۇشۇ تاپ،
قۇرت ـ قوڭغۇزلاريوشۇرۇنغان ئوت ـ چۆپ ئاستىغا.

مۈگدەككە چۈشكەن ئىشچان كاللارمۇ ھەم،
موميدىكى مەست قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىدا.

جىمجىت ھەممە قېتىپ قالغان قۇياش مۇئەللەق
قېتىپ قالغان شامالنىڭ ئۆكلەش قانىتى.

قېتىپ قالغان ۋاقىت سائەت سىترېلكىسىدا،
قېتىپ قالغان بارمەۋجۇداد جۇغلانغان پېتى.

يالاڭئاياغ، خەنجەركەبى ئېڭىز ئۈستىدە،
باشاق تېرىپ يۈرەر تەنھا بىر موماي بۇ ئان.
خەرىتەمسىن سىزار كاتتا رېستورانلارنىڭ،
تاپىنىدىن سىرغىۋاتقان تامچە ـ تامچە قان.

## پەسىللىك دەريا

«كۆما ناھىيە قوشتاغ يېزىسىدىكى تازغۇن دەرياسىغا نەزىرە»

كۆردۈم سېنى يىراقلارغا كۆچكەن بولاقلار،
قىش ئەييامى قاتقان سۈزۈك مۇزلار تەكتىدە.

قورام تاشلار كاۋىكىدا ياتقان ئىسكىلىت،
گەردىش پەلەك، كاج تەبىئەت كۈلكىلىرىدە.

① بۇ مىسرا ئابدۇقادىر جالالىدىنىڭلىق

لىق تەشنالىق قاچىلانغان ئالۋۇن مەپىسى،
بارارھامان ساھىلىگىدا ئۇپۇققا قەدەر.
ھېجىرلاردا تۇرار ئايلاپ ئاتەش دېمىدە①،
سۇلغۇن چىمەن باغرىڭ ئۈزرە توزىتىمدۇ-پەر.

ئاپىئاق ئاۋاز، ساغۇچ رەڭلە رھۆسنىگدۇرسېنىڭ
قويۇنتازلار تولغىنىمدۇ ئەركىلەپ ساڭا.
دەريادۇرسەن لېكىن يەنە قىميامەتكىچە،
دولقۇنلايسەن سۇسىز مۇھەم ئېھتىراس ئارا...

## سۆزلەيمەن قەلبىمدىكى سۆزلىرىمنى

بايانىم ئەمەس زۇمرەت يېشىل بوستان،
ئەمەس ھەم تىلغا مەھكۇم سۇخەنبازلىق.
ئاجايىپ كۆركەم باغلار، تىلسىم جاھان،
تۇيغۇمغا سىغماس سېھرى باراقسانلىق.

قوقاستەك قۇملۇقتىكى گۈل - چېچەكلەر،
قۇرىغان دەرەختىكى ياپراق نازى.

ئەمەستۇر...ئەمەس زىنھار، ئەمەس، ئەمەس،
ئەمەس بۇ سەن كۈتكەننىڭ ھېچقايسىسى.

سۆزلەيمەن قەلبىمدىكى سۆزلىرىمنى،
سۆزلىگەن كەبى دىندار كالاموللا.
سۆزلەيمەن يۈرىكىمگە سىغماي قالغان،
مۇڭۇمنى، شادلىقىمنى ئەينەن ساڭا.

## بوستاندا جىلۋە قىلار چوقۇم بوستان

ئاجايىپ ئىستەك بىلەن قەدەم باستىم،
مۇبارەك قۇچىقىڭغا بوستان سېنىڭ.
ساماۋى ئويلىرىمدا ساماۋى يەر،
ھەيرىتىم قوزغار ئىدى بوستانلىرىڭ.

دەرىخا، گۈل ئۈزمەك بوپ قول ئۇزىتىپ،
قاناتتىم قوللىرىمنى چاتقىلىقىدا.
يۈرىكىم لەگىتمەك بوپ ئۆزۈم ئېتىپ،
ئوت بولۇپ ياندىم تومۇز ئاپتىپىدا.

چىمەنگە سېزىلىك بولغان بىرجۈپ كۆزۈم،
ئايلاندى لېنتىسىغا قۇملۇقلارنىڭ.

چۇقانغا ئاشىق جىمغۇر ئەسەبلىرىم،
كۈلمىدى ئىسكەنجىدە جىمجىتلىقىنىڭ...

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى بوستان بىردىن،
ياشلانغان كۆزلىرىمگە قاراپ، ھەيھات.
قاداق قول، قۇياش يۈزلۈك ئىنسانلارزدا،
يوق زىنھار تۇيغۇگۇدىكى ئۇنداق ھايات.

ئەجرىدە ياشار ئىنسان، ياشار دۇنيا،
تەبىئەت بويسۇنىدۇ ئاڭا ھامان.
ئارمانلار ئەجىر بىلەن قۇچاقلىشىپ،
باغرىمدا جىلۋە قىلار چوقۇم بوستان.

## ئاراقىر كارىزى

ئەقلىمنىڭ ئىشىكىنى ئەتتى مەھكەم،
ھەيرانلىق تاقىقىدا بوستانلىقلار.
كارىزغا كىرىۋالدى تاشلاپ مېنى،
قەلبىمدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجانلار.

قەيەرگە باراي ئەمدى يۈزۈم ئېلىپ،
بېلىقسىز كۆللىرىمدىن ماختىنىپ مەن.
مۇبارەك، پەرھاد نەسلى بوستانلىقلار،
مۇبارەك چېچەك ئاچقان تاڭلا چىمەن.

① دېمىدە — ئايەت سۆيى.

# شېئىرلار

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

## كەچكۈز لىرىكىسى

باھاردىكى ئەركە يوپۇرماق،
ئۈنسىز تىنەپ يۇرۇيدۇ بۈگۈن.
چىرمىشىدۇ قۇرۇق شاخلارغا،
تۇرخۇنلاردىن سوزۇلغان تۈتۈن.

يالتىرايدۇ قۇشلار نەغمىسى،
بوۋاقلارنىڭ چۈشىدە پىنھان.

قومۇشلارنىڭ ھالسىز غولىنى،
غاجىلايدۇ بىغەرەز توشقان.

قىرغاقتىكى قېرى مەجنۇنتال،
لەۋ سوزىدۇ چەكسىز بوشلۇققا.
مەجنۇن يىگىت ۋاراقلاپ كەچمىش،
تىكىلىدۇ غەمكىن ئۇپۇققا...

## سەھرا خىسلىتى

خىياللىرىم سەھراغا ئاشىق،
سەھرا ئاشىق خىياللىرىمغا.
سەھرا بەرگەن جۇشقۇن كۈي - ئاھاڭ،
پۈتمەس سۆيگۈ قىيانلىرىمغا.

تۇزغا رەڭداش گۈلگۈن ھېسلىرىم،
داللاردىن ئالغان رەڭ - پۇراق.
قەلبىمدىكى ھەسەن - ھۈسەنگە،
گۈل - چېچەكلەر بەرگەن ھەل-بوياق.

ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن پاكلىقنى،
چاقناپ تۇرغان شەبنەم ئۆگەتكەن.
ئارمىنىمغا قونغان داغلارنى،
سەھرا قىزى يۇيۇپ تۈگەتكەن.

ئىزلىرىمدا يەلپۈنەر مامكاپ،
قۇدرەتكە باي سەھرا ھېكمىتى.
ئەرزىيدىكەن پۈتسە تىلتۇمار،
جەننەت ماكان — سەھرا خىسلىتى.

## باھاردىكى چۈش

مەن سېنى دەپ بولغاندا مەجنۇن،
سەن يۈرەتتىڭ مەغرۇر، شادىمان.
ئېچىلغاندا بەختىم گۈل بولۇپ،
كۆردۈم سېنى - ھۆسنۈڭ زەپىران.

نىگاھلاردىن ئۈزۈلگەن چاقماق،
چۈش مىسالى ئۆتتى يالمىشىپ.

ئىككىمىزنىڭ قىسمەت بېغىدا،
باھار ۋە كۈز قاپتۇ ئالمىشىپ.

ئەپسۇسلانما، بولما ھەم خىجىل،
تىك قەددىڭنى قايتا كۆرەي مەن.
مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە،
گۈل بېغىڭغا باھار تىلەيمەن.

## كېچە

سەن سۆيگۈنىڭ مەخپىي بانكىسى،
خىرىدارسىز ئۆتمەس دەقىقەڭ.

تۆكۈلسىمۇ ئەسىرلىك كەچمىش،
تولمايدىكەن ئەسلا خەزىنەڭ.

مېھرى تۇتاش جۇپ ـ جۇپ يۇرەكلەر،
سىڭىپ كېتەر باغرىڭغا لەرزان.
چېچەكلىگەن غۇبارسىز ھېسلار،
يۇلتۇز بولۇپ چاقنايدۇ ھەريان.

بوسۇغاڭدىن كىرگەن تۇيغۇلار،
رەسمىيەتسىز قالار ئامانەت.

خىلۋەتتىكى تىترەڭگۇ لەۋلەر،
شەپقىتىڭنى كۇيلەر بىتاقەت.

پاك روھلارنىڭ جىلۋىسى قۇچار،
رۇخسارىڭنى سۇبھى پەيتىدە.
ئۇپۇقۇڭدا تۇغۇلغان قۇياش،
قۇياش ئەمەس بىلسەڭ ئەسلىدە…

## بىلەمسەن

ئارىمىزدا تۇنجۇققان سۇكۇت،
قېتىپ قالدى مۇزلىغان گۇلدەك.
تىنەپ يۇرەر تارتىنچاق ئارمان.
ھۇركۇپ كەتكەن قەدىناس كۇيدەك.

گۇل ئەكسىدىن چوغلانسا ئۇپۇق،
ئېرىمەپتۇ دېرىزەڭدە قار.

بىلەمسەنكىن يۇرىكىمدىمۇ،
ئۇششۇك تەگكەن بىر دەستە گۇل بار.

دېرىزەڭنىڭ قۇرۇق تەكچىسى،
غېرىدېسىنىپ سۇرگەندە خىيال.
مېنىڭ تەنھا، مىسكىن گۇلۇممۇ،
ئۆكسۇپ ئۇنسىز ئىستەيدۇ ۋىسال.

## خۇشلىنىش

قۇيۇپ بەرگىن يەنە بىر قەدەھ،
ئىچەي قاراپ ئوتلۇق كۆزۇڭگە.
ئوقۇپ بېرەي ئاندىن بىر شېئىر،
يازغان ئاتاپ پەقەت ئۆزۇڭگە.

ئەتە سەھەر باشلانسا ھىجران،
قالار پەقەت تاتلىق ئەسلىمە.

ئاھ، چىرايلىق سۆزلىرىڭ بىلەن،
بولدى جانان مېنى بەزلىمە.

تاڭ ئاقارسا پۇتەر قىسسىمىز،
كۇتەر سېنى يېڭى تەقدىر ـ توي.
كەل بېغىشلاپ پۇتكۇل مېھرىڭنى،
ئاداققى رەت بىرنى سۆيۇپ قوي.

◁〰〰〰〰〰〰〰▷

# ئىككى شېئىر

خالىس

## ئەمەسمەن

مېنى ئەخمەق دېسەڭ قايىل ئەمەسمەن،
بۇ بابتا نامى خىلمەن ـ خىل ئەمەسمەن.
ھەمىشەم سەن ئۆزۇڭنى پىل سانايسەن،
بىلىپ قوي، مەنمۇ ھەرگىز قىل ئەمەسمەن.

دىلىڭدا نامۇ ـ شۆھرەتنىڭ تاماسى،
كۆزۇم توق، سەن كەبى سايىل ئەمەسمەن.
ماڭا ئىش ـ كۇشلىرىڭ پىنھان ئەمەستۇر،
دېسەڭ تەستىق ئېتەي: ساپدىل ئەمەسمەن.

دېگەيمەن ئاقنى ئاق (شۇنداق رىسالەم)،
دېسەڭ كەمتۇكنى ساق، مايىل ئەمەسمەن.
مېنىڭ ساپ دىللىقىم قەھرىڭگە بائىس،
شۇڭا بەھرىڭگە ھېچ نائىل ئەمەسمەن.

ئوقۇم بار دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە سەييياد،
خۇدى يوق قۇش ئەمەسمەن بىل، ئەمەسمەن!

## قاچان ھەمدۇ - سانا دەيسەن

ھېرىسسەن شۇمبۇيا كۆرسەڭ، ئۇنى مېھرىگىياھ دەيسەن،
بىراق مېھرىگىياھ كۆرسەڭ زەھەرلىك شۇمبۇيا دەيسەن.
سېنى ئاسراپ كۆيۈنگەننى رەقىبىم دەپ سۆكۈپ كەلدىڭ،
رەقىبىڭنى رەپىق دەيسەن - چايانىنى مەرھابا دەيسەن.
ساڭا ماتەم ئېرۇركى ئۆزگىنىڭ شاد كۆلكىسى، بەختى،
كۈلۈپ ئۇ يىغلىسا، قىلسام ئۇنىڭ قەددىنى يا دەيسەن.
ئۆزىنى ئەر، بىراۋنى شىر دېمەك بەرھەق ئىدى ئەسلى،
ئۆزۈڭنى تامدىكى زىلچا، بىراۋنى بورىيا دەيسەن.
قاچارسەن نۇر - زىيادىن، شەپەرەڭدەك تۈنگە ئاشىقسەن،
يۈرەرسەن ماختىنىپ ئەمما، چاچارمەن نۇر - زىيا دەيسەن.
جاھانساز، بەد خۇمارغا كىم قويۇپتۇ ئەۋلىيالىقنى،
بىراۋنى دۆت، ئۆزۈڭنى ئەۋلىيايۇ - ئەنبىيا دەيسەن.
ئېشەكنىڭ مۈڭگۈزى بولسا، كۆرەردۇق قايسى بىر ھالنى،
جىمىگە: مەن سېنىڭ رەببىڭ، ماڭا قىل ئىلتىجا دەيسەن.
پۇچەك - پۇل، دەپتى - دۇنيانى خۇدادىن كاتتاچاغلايسەن،
تېرىقچە نامۇ - شۆھرەتنى كۆزۈمگە تۇتىيا دەيسەن.
كېسەلگە مۇپتىلا سەنكى، ساقايماق ئىستىكىڭ يوقمۇ،
تېۋىپ - لوقمانىغا قەھرىڭ بار تۇرۇپ تاپسام شىپا دەيسەن.
ھېلە - مىكرىڭ بىلەن يەتتىڭمۇ ئارزۇ - مۇددىئايىڭغا،
يەنە قاي مۇددىئايىڭ بار، قاچان ھەمدۇ - سانا دەيسەن ؟

(بېشى 95 - بەتتە)

ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانىكەن، ۋەزىن قائىدىلىرىگە چوقۇم ئەمەل قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلىنمايدىكەن شېئىرنىڭ خاراكتېرىنى ئاستىغا يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ناۋادا بۇ ئىككى پارچە غەزەل ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتى بويىچە تۇرغان بولسا شېئىرمۇ، شېئىر ئاپتورلىرىمۇ ئۆز قىممىتى بىلەن ئەبەدى خاراكتېرلەنگەن بولار ئىدى. ھازىرمۇ بۇ ئىككى غەزەل ئۆز قىممىتى بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ئىستىتىك قىممەتكە ئىگە. دەرۋەقە تەخمىس يازغۇچى ئارۇز ۋەزنىنىڭ قائىدە- ئۆلچەملىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا خۇددى سارجا كىيىمگە خام خەسىدە ياماقلىق سالغاندەك پىكىر، ۋەزىن، تۇراق جەھەتتە ئەسلى غەزەلنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، ئاددىي جۈملىلەرنى غەزەل قاپىيىسىگە ماسلاشتۇرۇپ تىزىپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇ مېنىڭ ئەسلى غەزەل بىلەن مۇخەممەسنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ چىقارغان خۇلاسەم. ئەگەر غەزەل ئاپتورلىرى ياكى باشقا كىتابخان مۇخەممەس ئەسلى غەزەلنىڭ ئىستىتىك قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن دەپ قارىسا ياكى ئارۇز ۋەزنىدە ۋەزىن، تۇراقلارنى ئاشۇنداق ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ دەپ ھېسابلىسا مەن يەنە ئۆز پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ قىلىشىۋېرىمەن.

# تەڭرىنىڭ ھوزۇرىدا

(ھېكايە)

**مۇھەممەتجان مەتسەيدى**

مەن تۇپراقتىن ئاستا ـ ئاستا ئايرىلىپ كۆككە قاراپ ئۇچتۇم. بىردەمدىن كېيىن نۇر تېزلىكىدە شىددەت بىلەن ئۆرلىدىم. شۇنداق ئۆرلەۋاتقىنىمدا پەستىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. زەن سېلىپ تىڭشىسام، زېمىندىكى خارابە تامنىڭ تۈۋىدە ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغان جۇل ـ جۇل كىيىملىك بىر قېرى ئادەم ماڭا قاراپ ۋارقىراۋېتىپتۇ:

— ئەي كەپىر، سەن ناماز ۋاقتىدا ناماز ئوقۇماي ئاسماندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ نەگە بارماقچى؟ ـ دېدى ئۇ نامىزىنى بۇزۇپ.

— تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا بارىمەن. مېنىڭ تەڭرىگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار.

— سەن تېخى ئاسماندا ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋاپسىنا. يەرگە چۈش، ئاسمانغا چىققاساڭ كۇپۇرلۇق بولىدۇ. تېخى يەنە تەڭرىگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار دەيسەن، تەڭرى سەندەك چۈپرەندىنىڭ ئۇكسىمىدى؟

مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە پەرۋا قىلمىدىم. ئەكسىچە تازا چىڭقىلىپ تۇرۇپ بىرنى تۈكۈرۈۋېدىم، تۈكۈرۈكۈم ئۇنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈپ، زۇۋانى تۇتۇلدى. مەن يەنە كۆككە قاراپ ئۆرلەۋەردىم.

× ×

ئەرشكە چىقىپلا تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا ناھايىتى تارتىنغان ھالدا كىرىپ كەلدىم، ئۇلۇغ تەڭرىم مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. چۈنكى مېنى تۇپراقتا ھازىرغىچە ھېچقانداق كىشى بۇنىچىلىك ھۆرمەتلىمىگەنىدى.

— ئەي بەندەم، نېمە سەۋەبتىن قېشىمغا چىقىپ قالدىڭ؟

— قۇدرەتلىك تەڭرىم، دەردلىرىم ئېيتمىگە سىغماي دەرگاھىڭىزغا چىقتىم.

— قېنى دەردىڭنى ئېيت!

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بەندىلىرىڭىز زادى قاملاشماي كەتتى. مەن ئۇلاردىن بەكمۇ بېزار بولۇپ كەتتىم، ـ دېدىم يىغانىم ئۆرلەپ.

— قىزىق گەپ، دەپ باقە قېنى، بېزارلىقىڭنىڭ ۋەجى نېمىدىن؟

— سىزنىڭ بۇ مۇسۇلمانلىرىڭىز «ماشىنىنى كاپىرلار ياسىغان» دەپ ماشىنىغا ئولتۇرماي ئېشەككە مىنىشىۋاتىدۇ. ئېسىل چىنىلەرنى ياراتماي، ياغاچ تاۋاقلارنى ئەتىۋالىشىۋاتىدۇ، مەكتەپلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ مەسچىتكە ئىشلىتىۋاتىدۇ، مۇئەللىملەرگە ھومىيىپ، ئىمامىلارغا ھېجىيىۋاتىدۇ. تۈپتۈز كەتكەن سېمونت يوللارنى قارغاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، توپىلىق يوللىرىنى ئارزۇلاۋاتىدۇ. مەن ئۇچۇشنى ئۆگەنسەم ئۇلار مېنى ھاقارەتلىشىۋاتىدۇ...

— شۇنداق ئىشلارمۇ باركەندە تېخى؟ دېدى ئۇلۇغ تەڭرىم شىكايەتلىرىمنى ئاڭلاۋېتىپ ئەجەپلەنگەن ھالدا، ـ مەن بەندىلىرىمنى دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرسۇن،

مەئىشئىسگە تويۇنسۇن ـ دەپ ياراتتىمغۇ! ماشىنىنى، ئېسىل چىنە ـ قاچىلارنى، كەڭ ئازادە يوللارنى ــ مۇشۇلارنىڭ ھەنىۋاسىنى بەندىلىرىمنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنى كۆزلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردۈمغۇ؟

ئۇلۇغ تەڭرىم زېمىندىكى بۇ ئىشلاردىن ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ خۇرسىندى. بۇ ھال مېنى دادىللاشتۇردى. شۇڭا قايتا تەكرارلاپ دېدىم:

ــ بەرھەق، تەڭرىم، دېگەنلىرى پۈتۈنلەي راست. بەزى بەندىلەرگە ھەتتا مېنىڭ ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىممۇ ياقمايۋاتىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىم...

تەڭرىم كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

ــ ئاشۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش تىرىشسۇن، ئۆگەنسۇن! ئۇچۇش گۇناھ ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىش. ئۇلارغا ئۇچۇشنى مەن ئەبەدى ئۆگەتمەيمەن. مەن پەقەت يارىتىشنىلا بىلىمەن خالاس. ئۇلار قانداق ياشىسا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى، پەقەت ئۆز ئەجرى بىلەن ھالال يېسىلا بولدى. مەن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ۋە بىرەر ئىشنى ئەستايىدىل قىلىشنى خالىمايدىغانلارغا بەكمۇ ئۆچ، ئۇنداقلارنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىمەن. مەن سەل پەمى بار، تىرىشچان بەندەم ئىكەنسەن. ساڭا جەننەتتىن ئورۇن بېرىمەن. مەن ئېھتىمۇ ئېگىز ئۇچ! يەنىمۇ پەرۋاز قىل!...

× ×

مەن خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولغان ھالدا زېمىنغا قايتتىم. مېنى ئايالىم قىزغىن قارشى ئالدى. مەن چىرايلىق ئايالىمنى باغرىمغا مەھكەم باستىم ـ دە، خۇشاللىقتىن قاقاھلاپ كۈلۈپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. چۈنكى بۇ چۈشۈم ئىدى.

## ئانا، مېنى كەچۈرگىن!

(ھېكايە)

رابىيە مەتتۇرسۇن (ئوقۇغۇچى)

ــ مىڭ تەستە ئازراق پۇل جايلىدىم، قىزىم، ـ دەپ قالدى ئانام بىر يەكشەنبە ئەتىگىنى، ـ يۈر، بازارغا كىرىپ ساڭا ھېلىقى «فىگۇيى» دېگەننى ئېلىپ بېرەي.

ئۇزاقتىن بېرى شامال چاپىنىدىن بىرنى كىيسەم دەپ ئارزۇ قىلىپ، ئانامنىڭ بېشىنى ئۇچاق قىلىۋەتكەندىم، ئاناممۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلاي دەپتۇ ـ دە. مانا، ئۇ بازارغا كىرەيلى دەۋاتىدۇ. يۈرىكىم شادلىقتىن دۈپۈلدەپ كەتتى. خۇشاللىقىمدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي ئانامنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى يېقىپ ئەركىلىدىم.

سودا بازىرى، ۋاي خۇدايىم، شەھەرنىڭ سودا بازىرى ئاجايىپ بولىدىكەنە، بۇ يەردىكى ۋاڭ ـ چۇڭ، غاژ ـ غۇژ، ئىتتىرىش ـ سوقۇلۇش... تىن بېشىم قايدى. كىشىلەرنىڭ يا پۇت ـ قولى جىم تۇرمىغان، يا ئاغزى، نېمانچە تىنىمسىز دۇنيا ـ بۇ. يولىنىڭ ئىككى ياقىسىنى سېتىقچىلار تامامەن ئىگىلەپ بولۇشقان، تۈرلۈك لاز-

مەتلىكلەرنى يۇدۇۋالغان، بىلىكىگە پارچە
مال ئارتىۋالغان ھەر خىل ساتارمەنلەر
يولدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئېقىنىدەك ئې-
قىپ، ئۆز ماللىرىغا خېرىدار چاقىرىپ كې-
شىنى ماڭغىلى قويمايتتى. قىستا - قىس-
تاڭ ئادەملەر ئارىسىدا ئىتتىرىپ - ئىت-
تىرىلىپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، ئۆرۈلۈپ-
چۆرۈلۈپ ئاخىرى سودىگەر بازىرىغا كەل-
دۇق. ئاجايىپ - غارايىپ رەڭ ۋەپوسۇن-
دىكى كىيىم - كېچەكلەر، قىممەت باھا-
لىق ماللار كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. تىز-
گىمەس پۇلۇڭ بولسا، ئالغىلى تۇرساڭ،
قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى
بىلمەيدۇ كىشى. بىر - بىرىدىن چىرايى-
لىق، بىرى بىرىدىن رەڭدار...

— رىزىۋان!

ئانامنىڭ چاقىرىشى خىيالىمنى ئۈزۈ-
ۋەتتى.

— ماۋۇنى كۆرۈپ باق، بولامدۇ - يوق؟

قارىسام ئانام كۆرسەتكەن ياقتىكىسىم
تاناپتا ھەر خىل كىيىملەر ئېسىغلىق تۇ-
راتتى. شامال چاپىنىنىڭمۇ ھەر خىل رەڭ-
دىكىلىرى — ئاسمان تېگى رەڭلىك، توق قى-
زىل رەڭلىك ۋە يەنە ئالىقانداق رەڭ-
لىكلىرى بار بولۇپ، بىر - بىرىدىن چى-
رايلىق ئىدى. ئانام بۇ شامال چاپانلى-
رىنىڭ باھاسىنى سورىۋىدى، دۇكان ئىگى-
سى خوتۇن نېمىنىدۇر ئېزىنچەكلىك بىلەن
چايناپ ئالدىرىماي يۇتقاندىن كېيىن،
خالار - خالىماس ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئانامنىڭ كونىرىغان ۋە كىرلەشكەن ئۇس-
تىبېشىغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن
لاپپىدە سوغۇق بىر قاراپ قويۇپ، قولى-
دىكى مىتر بىلەن چىنەپ تۇرۇپ جاۋاب
بەردى:

— ماۋۇ فىڭيى يەتمىش يۈەن، ماۋۇسى
ئاتمىش يۈەن، - ئۇ، «قانداق ئالالامال؟»
دېگەن مەنىدە ئانامغا ئۆتكۈر كۆز نۇرى
بىلەن قاراپ قويدى. ئانام ھېلىقى ئەر-
زانراقىنى، ئاسمان تېگى رەڭلىك شامال
چاپىنىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا بىر قۇر چې-
نەپ كۆردى. بۇ ماڭا ئانچە ياقمىدى.
شۇڭا ئانامنىڭ ئالدىدىن ئىلدام بېرىپ،
ئېسىغلىق تۇرغان توق قىزىل چاپاننى
تۇتتۇم:

— مۇشۇ چىرايلىقكەن، ئانا، مۇشۇنى
ئېلىپ بەر. بار - يوقى بەش - ئون
يۈەننىڭ گېپىغۇ.

ئانام بىر پەس جىمىپ قېلىپ، سەل
كۆندۈرۈش تەلەپپۇزىدا دېدى:

— ماۋۇ ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقكەنغۇ.
ساڭىمۇ خوپ ياراشتى، بولمىسا ئاۋۋال
كىيىپ باقە!

مېنىڭ كۆڭلۈم قانائەت قىلماي ۋاتاتتى.
ئۇ ماۋۇنىڭدىن ئەرزان تۇرسا، قانچىلىك
چىرايلىق بولاتتى.

— بولدىلا ئانا، مۇنداقىنى ئالغىچە
ئالمايلى. فىڭيى كىيمەيمۇ يۈرەلەيمەن، -
دېدىم مەن دومسىيىپ، ئانام دەرھال
كۆڭلۈمنى ياساپ:

— بولدى قىزىم. ساڭا ئاشۇ ئەرزى-
گەن بولسا، شۇنى ئالىلى... دېدى. لې-
كىن نېمىگىدۇر تارتىنىۋاتقاندەك قىلاتت-
تى. مەن توق قىزىل شامال چاپىنىنى
كىيىپ كۆردۈم. ئۇ گويا ماڭا ئاتاپ تې-
كىلگەندەك شۇنداق خوپ كەلدى ۋە ئە-
جەب ياراشتى. شۇ تاپتا خوشلۇقۇم ئىچ-
ئىچىمگە سىغمايتتى. بويۇمنى ئۆرۈپ
قالغاندەك تۇيۇلۇپ، ئەتراپقا مەغرۇر بىر
قاراپ چىقتىم.

— خېنىم، ئاتمىش بەش يۈەن بەر-
سەك قانداق؟

«— نېمە دەيلا؟ مالنى تۇتۇپ ئاندىن
بىر نېمە دېسەڭچۇ!؟ تېخى ئوبدان، جىمىق
رەختە تىكىلگەن، جىمىق ئەستەرلىك ئىش-
لىتىلگەن، قىزلىرىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ
قالدى،» — سودىگەر ئايال قاشلىرىنى
سوزۇپ ۋالاقلاپلا كەتتى. — ئاتمىش بەش
يۈەنگە مۇشۇندىغىدىن ئەكەلسىلە مەن سېتى-
ۋالاي! ئالار بولسىلا كەمسۇندۇرماي ئالسىلا،

ئانام يەنىلا سۈچۈك تىلى بىلەن
يالۋۇردى:

— خېنىم، ئۇنچە كەم سورىمىغاندىمەن.
كېمىنى خۇدا يىم بەرسۇن، سىلىنى بىز
باي قىلىپ بولالمايمىز. خۇدايىم باي
قىلسۇن، — ئانام، ئۇنى ئېلىپ بۇياققا،
بۇنى قاتلاپ ئۇياققا تېزىش بىلەن بولۇ-
ۋاتقان سودىگەرنىڭ بىلىكىنى تۇتتى، —
يېنىمدا پۇلۇم ئازراقكەن جېنىم خېنىم...

— كەم بولىدۇ ئاچا كەم! سىلە تېخى
يېڭى ئالغان يەرگىمۇ يېقىنلىمىدىلا، كىرا،
باج دېگەنلەر بىلەن نەگە بارىدۇ ئۇ،
قارىسىلا...

— ئانام ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ
مەن ياراقدىغان ھېلىقى شامال چاپىنىنى
مىلىك تەستە ئاتمىش سەككىز يۈەنگە ما-
قۇل كەلتۈردى.

— پۇلنى تۆلەپ شامال چاپىنىنى ئالغان
بولدۇق. ئۇنى شۇ يەردىلا ئۇستۇمگە كىي-
يىۋالدىم. كۆڭلۈم قەۋەتلا خوش. گويا
بازاردىكى ھەممە ئادەم ماڭا، ئۇستۇمدىي-
كى شامال چاپىنىغا ھەۋەس بىلەن كۆز
سېلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. مۇشۇ تاپتا
قانىتىم بولسا، پەررىدە ئۇچۇپ مەكتەپ-
كە، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىغا بارسام!

مەن سائەتكە قارىدىم، ئاپلاي، سا-
ئەت ئۈچتىن ئېشىپتۇ ئەمەسمۇ! مەن جىد-
دىيلىشىپ قالدىم. چۈنكى سائەت تۆتتە
مەكتەپكە بېرىپ بولۇشۇم كېرەك ئىدى.
ئانام ئۇنى تۇيدى بولغاي، يانچۇقلى-
رىنى قېقىشتۇرۇپ دېگۈدەك پارچە - پۇ-
رات پۇللارنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى.
بەش - ئالتە يۈەن پۇل ماڭا نېمە بو-
لاتتى. بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە مە-
يۈس ھالدا ئانامدىن ئايرىلدىم. ئانام-
نىڭ «يول بولسۇن، خۇداغا ئامانەت قى-
زىم» دېگەن سۆزلىرىدىمۇ ئىنىدىمەي كې-
تىۋەردىم.

— بۇ بىر ھەپتىگىچە كەيپىم چاغ، كۆڭ-
لۈم شوخ ئۆتتى. ساۋاقداشلىرىم شامال
چاپىنىمنى كېيىپ كۆرۈشتى. ئالدىغا،
ئارقىغا مېڭىپ، ئوڭ - سولغا بېقىپ، ياقا
ۋە يانچۇقلىرى، مۇرە ۋە يەڭلىرىنى قاي-
تا - قايتا سىلاشتۇرۇپ كۆردى. سىنىپقا
بېرىپ - كېلەردە، بازار ئايلىنىپ چىق-
قاندا قىزلار ئوڭ ۋە سولۇمدىن يانداش-
شىپ، مېنى قولتۇقلاپ مەغرۇر مېڭىشتى.
قايسىبىر قىزلار يىراقتىن كۆزىنىڭ قۇي-
رۇقىدا قاراپ، كۆرەلمەسلىك بىلەن غۇ-
تۇلداشقاندەكمۇ قىلدى. ئىشقىلىپ شاھ-
نىڭ بېشىدىكى گۈلتاجىدەك ئەتىۋارلانغى-
نىمدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم.

— مانا، ھايىنى - ھۇي دېگۈچە «شېكەر-
شەنبە» مۇ كېلىپ قالدى. ئۆيگە قاراپ
ئاخىرقى ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇم. ئۇلۇش-
كۈن شامال چاپىنىنى كېيىپ بىر پارچە
رەڭلىك سۈرەتكە چۈشكەنىدىم. ئاپتوبۇس
كىراسىغا چاغلىق پۇلنى ئاران چىقىرا-
لىدىم. ھويلىغا كىرىشىمگىلا ئاچامنىڭ
قىزى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئاچا، ماڭا كەمپۈت ئايغاش كەپ-
دىڭما؟

— ئۇماق سىڭلىم، كېلەر قېتىم ئالغاچ
كېلەي - ھە، بولامدۇ؟ - ئاندىن باشقى-

لار ئاڭلىسۇن ئۈچۈن ئەتەي قوشۇپ قويدۇم،ـ
يەكشەنبە كۈنى ئانام پۇلنى ئاز بەرگەچـ
كە، بۈگۈن ئۆزۈمنى ئارانلا تېپىپ كەلدىم.

ئاچام گويا مېنىڭ شۇنداق دېـ
يىشىمنى كۈتۈپ تەييار تۇرغانـدەك، ئۇـ
ياقتىكى ئىشىكتىن جاۋۇلداپ چىقتى:

— رازى بولماپسەنغۇ، تاپقان ـ تەرـ
گىنىمىزنى ساڭا تۆكمە قىلىۋاتقىنىمىزنى
كۆرمەيۋاتامسەن؟ تاماقا پۇل تۆلمەيـ
سەن. كېيىم ـ كېچەكنى ئانام ئېلىپ بېـ
رىدۇ. قالغان نېمە چىقىمىڭ بولاتتى؟
يوغىنى كەلسە كىراغا ئۈچ ـ تۆت يۈەن
تۆلەيسەن، ـ ئاچامنىڭ مەندىن ھاردۇقمۇ
سورىماستىن دوق قىلىشلىرىنى كۆرۈپ
راسا ئوغام قايناپ تۇرغانىدى، ئۇ مۇنـ
داق بىر گەپنى قىلىپ سالدى، ـ يەكـ
شەنبە كۈنى ئانام بازاردىن چىققىچە
دېمى كېسىلىپ ھالى قالماپتۇ. تەڭ كېچە
بولاي دېگەندە ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ ئاـ
ران ئۆيگە ئۆزىنى ئالدى. «ماۋۇبىر كوي
سىزدە قالسۇن، بىر نېمە كىرا قىلىپ كېـ
تەرسىز دەپمۇقويماپسەن» ۋاي باغرى تاش!

ئېرەم قورۇلغانـدەك بولۇپ، پۈتۈن
ئېرىلىرىمنىڭ قېتىدا ئېقىمدۇر، بىر نەرسە
سىغىلداپ ماڭغانـدەك قىلـدى. ئاـ
چام سۆزلىگەن پېتى يان ئۆيـ
گە كىرىپ كەتتى. ئورنۇمدا
قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ھويلا
تەرەپتىن پۇشۇلدىغانـدەك ئاۋاز ئاڭلاندى.
شۇنداق قارىشىمغىلا ئانام:

— رنرۋانمۇسەن ؟ ھارماي كەلدىڭمۇ

بالام. پۇلۇڭ يەتتىمۇ؟ پۇلى يېتىشمەي
بوينى قىسىلىپ قالامدىكىن دەپ، خىياـ
لىمدىن چىقمىدىڭ قىزىم، ـ ئانامنىڭ تۇـ
رۇم ـ تۇرۇم قورۇق قاپلىغان يۈزىدە ماڭا
بولغان قىزغىنلىق، كۈتۈش تۇيغۇسى جىلـ
ۋىلىنەتتى. كىرپىكلىرىگە شادلىق چۆككەن
بولۇپ، گەپ ئارىسىدا تىنىپ
ئۈلگۈرتەلمەيتتى.

— ئانا! ـ شۇنداق دېگىنىمچە ئۆزۈمنى
ئانامنىڭ باغرىغا ئاتتىم، يۈزۈمنى ئانامـ
نىڭ مۇدۇر ـ مۇدۇر يۈزىگە سۈركەپ يۈـ
رىكىم بىلەن ئېمىلەرنىدۇر نالە قىلدىم.
كۆز ئالدىمدىن ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر كەچـ
تى: ئەنە، قايسى كۈنى ساۋاقداشىمنىڭ
تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەيمىز دەپ ئالـ
غان، ئانامنىڭ ياغ ئېلىشقا ئاتاپ قويـ
غان تۆت يۈەن پۇلى، مانا كىتاب ـ ماتېـ
رىيالغا مۇشتىرى بولىمىزكەن، دېگەن باـ
ھانە بىلەن قەرز ئالغۇزغان ئون يۈەن…
قايسى چاغدىكى بۇرنۇم قانىغانىدا بۇرنۇمـ
نى ئېيتقان بەش دوچەن … بۇلار گويا
مېنىڭ كۆيۈمسىز ئەپتى ـ بەشىرەمنى پاش
قىلغۇچى سۈرەتتەك كۆز ئالدىمدا گەۋدىـ
لىنىپ، سالاپىتىمدىن ئەسەر قويمىدى:
يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ كۆيەتتى، ئۇستۇمـ
دىكى شامالچاپىنىمۇ بارغانچە ئېغىرلىشىپ،
ۋۇجۇدۇمنى مىجىغىلى تۇردى. مەن تەستە:

— مېنى كەچۈرگىن، ئانا، ـ دېگەنىدىم،
لېكىن ئاغزىمدىن ھېچقانداق تاۋۇش چىقـ
مىدى. بۇ گەپ يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدا
قالدى.

◁～～～～～～～～～～～～～▷

## بىر تال تاماكا

(ھېكايە)

**ئابلىز ئابلەت**

ھەي تاماكا، ئەگەر ئاشۇ چاغدا بىر
قاپ، ھېچ بولمىغاندا بىر تالـلا بولـغان
بولساڭ مەن بۇ قىسمەتكە دۇچار بولمىـ

غان بولاتتىم. مانا ئەمدى سېنىڭ ئاشۇ
كىچىككىنە جىسمىڭدىن كەلگەن بۇ كۆڭۈلـ
سىزلىكلەرنى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

دېمەي دېسەم ساڭا تالىق ئىشلارغا ئادەمنىڭ ئىچى قاينايدۇ. تېخى سېنىڭ ئىقتىدار ئۆلچەشتىكى رولىڭنىڭ چوڭلۇقىچۇ! مەن سېنىڭ تۆپە يىلىڭدىن بېشىمغا كېلىۋاتقان كەلگۈلۈكنى ئويلاشقا پېتىنالمايمەن. ئەگەر ئويلاپ سالسام گويا بارلىق قايغۇ - ئەلەمنى كۆز يېشى بىلەن كۆتۈۋېلىپ يەنە ئۇنى ئاشۇ كۆز يېشى بىلەن بىراقلا يۇيىۋەتمەكچى بولغاندەك، يىغلاپ قاقشايدىغان قىزلاردەك ياش تۆككۈم كېلىدۇ.

بۇنداق دېسەم، بەزىلەر «بىر تال تاماكا تۆپە يىلىدىن شۇنداق ئىشلار بولامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بىراق، مېنىڭ ئاشۇ بىر تال تاماكا سەۋەبىلىك كۆرگەن قىسمەتلىرىمنى ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرسە ئىدى، شۇچاغدا تاماكىنىڭ قانچىلىك كارامەتى بارلىقىغا ئىشەنگەن ۋە مېنىڭ نېمىشقا بۇنچە ھەسرەتلىنىپ كېتىۋاتقىنىمنى چۈشەنگەن بولاتتى.

ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇ ماڭا نېمىشقىدۇر باشقىچە قارايتتى، مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. «نېمىشقا ماڭا سىرلىق قارايدىغاندۇ، نېمە سەۋەبتىن ئۇ ماڭا گەپ قىلىشنى خالىمايۋاتقاندۇ؟ مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەنمىدۇ - يا؟» مەن شۇلارنى ئويلايتتىم.

شۇ ئىش يۈز بېرىپ ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە بىرسى ماڭا مۇدىرنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىقىپ مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.

— كىرىڭ!

مەن ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ مۇدىرغا سالام بېرىپ دېدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇدىر، چاقىرتىپتىكەنلا؟

مۇدىر مېنىڭ سالىمىمنى ئاڭلىماي قالدىمۇ ياكى ئىزدەۋاتقان ماتېرىيالى مۇھىم بولسا دىققىتىنى بۆلگىسى كەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ بېشىنى مەن تەرەپكە بۇراپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغىنىمنى كۆرۈپ باشقىچە بىر تەلەپپۇزدا ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى.

مەن ئولتۇرىمەن، مۇدىر قايسىبىر قەغەزلەرنى رەتلەپ، ئارخىپ خالتىلىرىنى ئۇيياقتىن ئېلىپ، بۇياققا قويۇش بىلەن ئاۋارە. ئۇ گويا مېنىڭ بۇ يەردە بارلىقىمنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك ئىدى. مەن مۇدىرنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايىغا سەپ سالغىنىمچە ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتىم.

ئۇ ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئۇيياقتىن بۇياققا يۆتكىدى، نېمىلەرنىدۇ ئارخىپ خالتىسىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەنە جايىغا سالدى. ئاخىرى نىشانىنى بايقىدى بولغاي، ئىككى قولىنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ ماتېرىيال خالتىسىدىن بىرنى يانىغا تارتىپ ئالدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئىچ قارىنى چۇۋۇپ تەپسىلىي كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ دېدى:

— سىزگىمۇ مەلۇم، ھازىر بىز ئىسلاھات روھىغا ئىگە ئىقتىدارلىقلارنى ئىشقا قويۇش پرىنسىپىنى يۈرگۈزۈۋاتىمىز. بىز ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، ھەم يەنە ھەر قايسى گۇرۇپپا مەسئۇللىرىنىڭ پىكرىنىمۇ ئالدۇق...

مەن تىڭىرقاپلا قالدىم. مۇدىرنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىنىپ قارىدىم. بىراق ئۇ مەن بىلەن قىرىشقاندەك پەرۋاسىز ئولتۇرۇپ موخوركا ئورىدى. ئارقىدىن ئۇنىڭغا سەرەڭگە يېقىپ، خۇددى بۇرۇن چېكىپ باقمىغان ئادەم زورىغا

شوراپ قويۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئېغىزىدىن ئىس چىقىرىشقا باشلىدى...

مۇدىرنىڭ ئۇزۇن، ئەمما ئىنچىكە بارماقلىرىغا قىستۇرۇلغان موخوركا ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ تۈگەي دېدى. شۇنىڭغىچە ئۇ نېمىدۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، خېلىدىن كېيىن قالدۇق موخۇركىنى كۈلدانغا تاشلاپ زۇۋانغا كەلدى:

— يەنە كېلىپ، گۇرۇپپا مەسئۇلىڭىزنىڭ سىزگە بەرگەن باھاسىنى خاتا دەيلى دېسەك، سىزنىڭ ئارخىپىڭىزغا ھەر يىلى سېلىنىپ كېلىۋاتقان نەتىجىلىرىڭىزمۇ دېيەرلىك ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز تېخى ئوتتۇرا تېخنىكۇم سەۋىيىسىدە... مېنىڭچە...

مۇدىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جىرىڭلىغان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي!... ھە، مەن شۇ...

ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. قارىغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭغا مەخپىي گېپى باردەك قىلاتتى. شۇڭا مەن ئامالسىز ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم - دە، ئۇدۇللا ياتىقىمغا باردىم. كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ خۇددى كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلىدىم. خېلىدىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ پىكرىمنى بىر يەرگە توپلاشقا تىرىشتىم.

مەن گۇرۇپپا مەسئۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئەسلىدىم. مەن خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان. ھازىر ئەسلىسەم، ئىككىمىزنى شۇنچە تېز تونۇش قىلىۋەتكىنى تاماكا — ئۈچىدا سۈزگۈچى بار تاماكا ئىكەن! مەن ئۇنىڭغا ئالىي ماركىلىق تاماكىنى دەسلەپتە قېپى بىلەن پۈتۈن سوۋغا قىلغان، كېيىنچە بىر تال - بىر تالدىن تەڭلەيدىغان بولغان...

مېنىڭ ئالىي ماركىلىق تاماكىلىرىمغا كۆنۈپ قالغان بۇ ئادەم ياش يۇقى كۆزلىرىدىم ئارىسىدا پەيدا بولدى: ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇشىغا قارىماي چاچلىرى ئاقارغان، پۈلتاي كۆز، ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئوتتۇرا بوي... بىردىنلا ئۇنىڭ تاماخور كۆزلىرى، سەللا رەنجىشتىن ئەنتىنى ئالمىغۇچە يانمايدىغان خۇيپەيلى ئېسىمدا ئەكس ئەتكەندە كاللامدىكى بىر تالاي چۈشىنىكسىز خىياللار ئايدىڭلاشتى.

توغرا، ئۆتكەندە ئۇ مەندىن رەنجىگەن — رەنجىگەندىمۇ بىر تال تاماكا تۇتمىغانلىقىم سەۋەبلىك رەنجىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ھەپتىلىك ستاتىستىكا جەدۋەللىرىگە تەستىق سالدۇرۇش ئۈچۈن كىرگىنىمدە، بۇرۇنقىدەك تاماكىنى قېپى بىلەن ئالدىدا قويۇپ قويمىغان. شۇ كۈنى ئۇ لەۋلىرىنى تامشىپ تاماكا خۇمارى تۇتقانلىقىنى بىلدۈرگەن، ھەتتا تاقەتسىزلىك بىلەن قول ئۇزاتقان، بىراق مەن...

ھەي ئېسىت، ئېسىگە بولسىمۇ بىرەر قاپ تاماكا ئەكىرىپ ئالدىدا قويۇپ قويسام بوپتىكەن. مانا ئەمدى ئاشۇ بىر قاپ، ياق، بىر تال تاماكا تۈپەيلىدىن...

مەن بايىلا ماگىزىنىدىن سېتىۋالغان سۈزگۈچلۈك تاماكا قېپىنى قولۇمغا ئېلىپ ئېغىزىنى يىرتىپ بىر تال سۇغۇرۇپ چەككەچى بولدۇم. ئەمما، ئۇنىڭ قېپىنى سىلاشتۇرغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

دوستلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، مەن ئۇنى چېكەيمۇ ياكى تاماخور باشلىقىمغا سوۋغا قىلىپ مۇناسىۋىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالايمۇ؟؟؟...

# كۆكۈلدىكىدەك دوستلار

(ھېكايە)

**مۇھەممەت ئېلى مۇھەممەت ئېمىن**

سوقۇپ خۇشامەت قىلىش دېگەن گەپنىڭ ئۆزىدىن مەلۇم، سىز خۇشامەت قىلماقچى بولغان ئادەمنى «سوقۇپ» قويسىڭىزلا بولىدۇ، ئەمما گەپ سىزنىڭ سوقۇشىڭىزغا باغلىق. بوشمۇ ئەمەس، قاتتىقمۇ ئەمەس، كېلىشتۈرۈپ سوقالىسىڭىز ئۇنۇمى ماددىي خۇشامەتتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. ئىشەنمەمسىز؟ ئەمسە مۇنۇ ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ.

دوستۇم ئىمزات يۆتكەلمەكچى، ئۇ بىرەر ئورۇندىن تەكلىپ ئالالىسىلا كادىرلار ئىدارىسى رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ قەيەرگە، نېمە ئۈچۈن يۆتكىلىدىغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ گەپنى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتىن باشلايلى.

بۈگۈن ئىمزات ئەر - خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدە بىللە ئوقىغان تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىز ساۋاقدىشى بولۇپ، توققۇز ئادەم، ئاۋۇ تۆردە ئولتۇرغان ماجىڭلى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ ئەتراپىدىن خۇددى سەييارىلار قۇياشنى ئايلانغاندەك ئايلىنىپ پايپېتەك بولۇۋاتىمىز، مەقسەت ئۇلارنىڭ ئاغزىنى «ياغلاپ» ئىمزاتقا تەكلىپ ئېلىش.

زىياپەت داۋاملىشىپ «ئىلى دەرياسى» ھارىقىنىڭ تۆتىنچى بوتۇلكىسى قۇرۇقدىلىپ بولغاندا، مەن چىرايىمغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۆردىكىلەرگە قارىدىم:

— سورۇنىمىز ياخشى كېتىپ بارىدۇ، قېنى، تانسا ئوينىغاچ ئولتۇرايلى.

تۆردىكىلەرنىڭ چىرايلىرى قىزىرىپ، قۇشقاچ تىللىرى چىقىشقا باشلىغان، ئىلارىلاپ رومكا سوقۇشتۇرۇش، كۆكۈلتۇتۇشلار بىلەن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

— مەن باشلاپ بېرەي، - دېدىم - دە، ئىشىك تۈۋىدىرەك ئولتۇرغان دوستۇمنىڭ ئايالىنى تانسىغا تارتتىم. ئۇ سول قولىنى مۈرەمگە قويۇشىغا، كازىر چېقىپ ئولتۇرغان قىزلارغا قاراپ تۆردىكىلەرنى ئىما قىلدىم. ئىككى قىز ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلدى. ئېگىز بويلۇق، ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى قىسقا ياستىۋالغان ماجىڭلى، چېچەك يۈزلۈك، سېمىزرەك كەلگەن يەنە بىر مېھمان تانسىغا چۈشۈپ كەتتى.

تانسا ئۈچ قېتىم ئوينالغاندىن كېيىن ئۇلارنى زورلاشنىڭ ياكى «ئاق تانسا»نىڭ ئورنى قالمىدى. ئۈچ مېھمان قىزغىنلىق بىلەن تانسا ئويناشقا باشلىدى. تۆتىنچى قولدا مەنمۇ ئىختىيارسىز مەيدانغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. مۇشۇ قېتىمدا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى. مەست بولۇپ قالدىمۇ ياكى ياندا ئولتۇرغانلارنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ كەتتىمۇ بىلمەيمەن، تۇيۇقسىز ماجىڭلىغا سوقۇلۇپ كەتتىم.

— كەچۈرۈڭ، - دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھېچقىسى يوق، - دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە قولىدىكى قىزغا بەكرەك ئېگىشتى. شۇ مىنۇتتا ماجىڭلىنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدىن «كارامەت ياخشى ئىش قىلدىڭىز» دېگەن مەنا چىقىپ تۇرغاندەك ئىدى.

نيۇتوننىڭ بېشىغا ئالما چۈشۈپ كېتىپ، يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى تاپقىنى-

دەك، بۇ تاسادىپى سوقۇشتىن كالىلامغا بىر ئەقىل كەلدى. مۇزىكا توگىشى بىلەن ئىككى ئاغىنەمنى شەرەتلەپ تالاغا ئەپچىقتىم:

— ئاغىنىلەر، سىلەر يەپ - ئىچكىلى كەلگەنمۇ ياكى ئىرزاتنىڭ يۆتكىلىشىگە ياردەم بەرگىلى كەلگەنمۇ؟

— نىمە بولدى؟- دېدى بىرسى.

— ئەمىسە نېمىشقا تانسا ئوينىماي بۇتتەك ئولتۇرۇۋالىسىلەر؟

— ئاۋۇلارغا يول قويدۇق، بولمىسا...

— ئۇنداق بولسا ئويناڭلار، مەيدان بوش قالمىسۇن، بولسا مېھمانلارنى سوقۇپ ئويناڭلار.

— سوقۇپ؟ ئۇلار دېگەن...

— كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويااي سىلەرگە، ئىرزاتقا ئۇلاردىن تەكلىپ ئالىمىز دېسەڭلار سوقۇپ ئويناڭلار، قاتتىقمۇ ئەمەس، بوشمۇ ئەمەس — مەن ئىككى ئاغىنەمنى بىر - بىرسىگە تەگكۈزۈپ ھەييارلىق بىلەن كۆلدۈم - مانا مۇنداق.

ئۇلار ھجايغىنچە ئارقامدىن مېھمانخانىغا قايتىپ كىردى، مەن ھاراق بوتولكىسىنى قولۇمغا ئېلىپ ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيدۇم ۋە بىرسىنى ما جىڭلىغا سۇندۇم.

— سەل تۇرۇپ ئىچەي.

ما جىڭلى يەنە تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئىككى ئاغىنەمگە قاراپ قويدۇم، ئۇلار ئورنىدىن تۇردى، قارىسام مەيدان بوش، سوقۇلۇپ كەتكۈدەك ئەمەس، ھاراقنى قۇيۇپ مەنمۇ مەيدانغا چۈشتۈم. مۇزىكا يېرىم بولدى، ئاغىنىلەردە ھېچ ھەرىكەت يوق. بوپتىلا، يەنە ئۆزۈم سوقاي، ئاپلا، يەنە سوقۇلدۇم، ما جىڭلى قولىدىكي قىزغا چاپلىشىپلا قالدى، مەنمۇ شۇنداق بولدۇم، ئەمما ھېچنېمىنى سەزمىدىم، كۆزلىرىم ما جىڭلىدا ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا قارىمىدى، بېشىنى ئېگىپ قىزغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، قىز بولسا ۋىللىدە قىزاردى، بېشىنى بوش چايقىدى، ئايلىنىپ كېلىپ «نېمە قىلىۋاتىسىز» دېگەندەك ماڭا ھومايدى. مەن بىلەن تانسا ئويناۋاتقان قىز بولسا كۆزۈمگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قولۇمنى قىسىپ قويدى.

— خۇدا ھەققى، كۆلۈك، - دېدىممەن شىۋىرلاپ.

ئۈچىنچى قېتىم قاتتىقراق سوقۇۋەتكەن ئوخشايمەن، ما جىڭلى قاھ-قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەست بولۇپ قالدۇقمۇ نېمە؟

— سەت ئىش بولدى، كەچۈرۈڭ.

— ھېچقىسى يوق، ياش ئەمەسمۇ بىز، ئويناۋېرىڭ.

«ئويناۋېرىڭ» دېگىنى «سوقۇۋېرىڭ» دېگەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

تانسا ئاياغلىشىشىغا ما جىڭلىنىڭ يەنە بىر ھەمراھى دېدي:

— ئەمدى قايتساقمىكىن، ئەتە يەنە ئىشلەيدىغان گەپ.

ئىرزات ئاغزىنى ئۆمەللەشگە ما جىڭلى گەپ قىلدى:

— نېمىگە ئالدىرايتتۇق، بۇگۈن كۆڭۈلدىكىدەك دوستلار يىغىلىشىپتىمىز، ئەچىمىز، ئوينايمىز، داۋامىنى ماۋۇ ئوكام — ئۇ ئىرزاتنى كۆرسەتتى، - ئىدارىمىزغا بارغاندا ئوينايمىز، قانداق دېدىم؟ ئەكىلىڭا بىر رومكا، ھەي، مۇزىكا توختاپ قالدىغۇ؟

— بولە، تېز ھاراق قۇي!- دېدى شۇئاني ماڭا قاراپ، خۇشاللىق بىلەن ئىرزات،

# نەسىرلەر

## پاتىگۈل خۇدۇيۇم

### ئازابلىق سۈكۈت

مەن تېخى ئەمدىلا غۇنچىلىغانىدىم. ئەمما سۇبھىدە سايرىغان بۇلبۇل ئاۋازى مېنى بۇرۇنلا ئېچىلدۇردى. ئاھ، نېمانچە يېقىملىق ئاۋاز-ھە! مەن شۇ ئاۋازنىڭ سېھرىي كۈچىدىن كۆزۈمنى چۆچەكتەك ئېچىپ ھېلىقى سېھىرلىك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېگىرىۋەتتى. چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن ئەمەس، باشقا بىر گۈل ئۈچۈن سايراۋاتقان ئىكەن. يۈرىكىم قان... ھايات مەن ئۈچۈن مەنىسىزدەك بىلىندى. بۇلبۇلغا نەپرەت ئوقۇدۇم، مېنى بىھۇدە ئېچىلدۇرغانلىقىغا نەپرەت ئوقۇدۇم. لېكىن بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى زەن سېلىپ ئاڭلايمەن. مېنىڭ ئېشىمغا كېلىپ سايرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن بۇ ئۈمىدلىرىم بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولۇپ چىقىدۇ.

بەرگىلىرىم سولدى. لېكىن خۇشپۇراقلىرىم تېخى يوقالماپتۇ. باشقا بىر بۇلبۇل كېلىپ مەن ئۈچۈن سايراشقا باشلىدى. مەن ئازابنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۇ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئۈن-تىنسىز ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن شۇ بۇلبۇل ئۈچۈنلا ئېچىلغانلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يالغاندىن بولسىمۇ تېخىمۇ جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان بولدۇم، يۈرىكىم زېدە، مەن شۇ ئازابلارنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە دەپنە قىلىشقا مەجبۇرمەن. دانا، بۇلبۇل يېقىملىق سايراۋاتىدۇ. مەن سۈكۈت قىلىپ تىڭشاۋاتىمەن. سۈكۈت، ئازابلىق سۈكۈت...

### ئۆتۈنۈش

مەن، يۈرىكىمگە مەندىن رۇخسەت سورىمايلا ئۇسسۇپ كىردىڭ. ئەمدى مەندىن رۇخسەت سورىماي چىقىپ كېتىشكە قادىر ئەمەسسەن!...

### سەبىي سۆيگۈ

مانا مۇشۇنداق مىدىرلىماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىلى بىر نەچچە سائەت بولدى. كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا چىققان قومۇشنىڭ ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت.

كەچكى شەپەق نۇرى قومۇشلارنى ھەم سازلىقتىكى سۇلارنى قىزىل رەڭگە پۈركەپ بەكلا گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن.

ئېمىشقىدۇر كەچكى شەپەق نۇرىنى تاماشا قىلىش، كۈننىڭ يەر ئانىنىڭ ۋىسالىغا قانمىغاندەك تەسلىكتە پېتىشى، شامال قومۇش پۆپۈكلىرىنى يېنىك سىيپاپ ئۆتكەندە قومۇشنىڭ قىيالمىغاندەك شامال كەتكەن تەرەپكە قايرىلىشلىرى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ.

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم، شۇنچىلىك ئاستا...

ئىزغىرىن شامالغا يۈزۈمنى تەگلەپ، مەن تامان ئېگىلگەن قومۇش پۆپۈكلىرىگە قارىغىنىمچە يەنىلا خىيال سۈرمەكتىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ قومۇش پۆپۈكى بولۇشۇمنى، سېنىڭ شامال بولۇپ مېنىڭ يۈزۈنى كېچە-كۈندۈز سىيپاپ ئۆتۈشىڭنى تىلەيتتىم. ناۋادا بۇ تىلىكىم مۇرادقا يەتسە، بۇ مەن ئۈچۈن قانچىلىك لەززەت ئىدى-ھە! لېكىن سەن شامال بولۇشنى خالىمىدىڭ. سەن شامال بولۇشنى خالىمىساڭ مېنىڭ قومۇش پۆپۈكى بولۇپ سېنى ئۈنسىز كۈتۈشۈم مەن ئۈچۈن قۇرۇق خىيال بولۇپ قالامدۇ!...بەزىدە شامالغا «مەن ئۇنى ئېمىشقا سۆيۈپ قالدىم-ھە! يەنە كېلىپ مۇھەببەتنىڭ ئېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بىرسىنى» دەپ سوئال قويىمەن. ئەمما شامال ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا كېتىۋېرىدۇ. ئۇمۇ بەلكىم كۆڭلىگە بىرەر تىلەكنى پۈكۈپ، ئۇ تىلىكىنى مۇرادقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراشتۇر.

راست، مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيگەندىمۇ كەلگۈسىگە، قىزغىن ھاياتقا تەلپۈنۈۋاتقان ئوتلۇق يۈرىكىمدىن سۆيىمەن.

ئەي نادان!! مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمدىن بىشارەت بەرگەن مەنىلىك تەبەسسۇمىمنى، سەن نېمە دەپ چۈشەنگەنسەن؟! بەلكىم ھاياسىزلىق دەپ چۈشەنگەنسەن. سەن توغرا چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدى. مەن ئۈچۈن، يەنى بىر قىز ئۈچۈن «سىزنى سۆيەتتىم» دېيىشنىڭ، ئۇنداق مەنىلىك تەبەسسۇم ئېيلەشنىڭ، سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدى.

مېنىڭ ساڭا «ياخشى كۆرۈش ئوغۇللارغىلا تالىقمۇ؟ قىزلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا كۆڭلى يوقمۇ؟ قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ھاياسىزلىق بولامدۇ؟!...» دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. ناۋادا مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولغان بولسام، ھەرگىزمۇ ھاياسىزلىق دەپ چۈشەنمەيتتىم. بەلكى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە قەدىرلەيتتىم. لېكىن سەن قەدىرلىمىدىڭ، مېنىڭ پاك، تۇنجى مۇھەببىتىمنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ!...

سېنىڭ مېنى سۆيمەيدىغانلىقىڭنى ئۇقۇپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ بۇ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب-ھە! سېنىڭ نادانلىقىڭغا شۇنچە نەپرەتلەنسەممۇ ئەمما سۆيگۈم، نەپرەتتىن غالىب كەلمەكتە. لېكىن مەن سېنىڭ روھىڭنى قەلبىمنىڭ تۆرىگە دەپنە قىلالماقچىمەن. ئەمدى سېنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈم تۆرىدىكى روھىڭغا قەلبىمدە ماتەم تۇتىمەن. بۇ ماتىمىم بەلكىم مەڭگۈلۈك بولۇپ قالار

## نەسرلەر

### مەنتوختى سەببەت

1

جانانىم بىلەن چەكسىز دالىدا خۇشال هالدا قوغلىشىپ كېلىۋاتىمىز، قەلبىمىزدە ۋىسال تەشنالىقى...

بۆك - باراقسان ئورمانزار، ئىككىمىز مۆكۈشمەك ئويناۋاتىمىز، چېھرىمىزدە بەخت جىلۋىسى.

مانا، كىچىككىنە باغچىدا رەڭگا - رەڭ گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقىدىن مەستۇ - مۇستەغرىق بولۇپ هوزۇر سۈرۈۋاتىمىز...مەن ئەمدىلا جانانىم لىۋىدىن گۈل ئۈزمەكچى بولۇپ ئېگىشىۋېدىم، باغچا ئىشىكى يېنىك چېكىلدى...

ئويغانسام نەۋرەم ساقىلىمنى تارتقۇشلاۋېتىپتۇ...

2

خىياللار هەر قانچە شېرىن، هەر قانچە تاتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رېئاللىق ئەمەس. ئەگەر شۇ خىياللار راستىنلا رېئاللىققا ئايلانغاندا بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ساڭا ئۇنچىلىك شېرىن ۋە تاتلىق تۇيغۇ بېرەلمەيدۇ...

چۈنكى ئۇ سەن ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان...

3

مەن يىقىلىپ چۈشتۈم، ئۇ ماڭا ياردەملەشمەكچى بولدى. مېنى هەر قانچە يۆلەپمۇ ئورنۇمدىن تۇرغۇزالمىدى.

— بولدى، مۇشۇ يەردە يېتىۋەر دەپ كېتىپ قالدى.

مەن شۇئان بىر غەيرەت قىلىپلا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم...

# زۆرۈرىيەتسىز ئېچىتقۇ

**ئەكبەر ئەزىز**

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىلى 1 ـ سانىدا مۇھەممەت كامالنىڭ يولداش مۇھەممەت چاۋار، تۇختى مۇھەممەت تۇردىنىڭ غەزەللىرىگە يازغان ئىككى پارچە مۇخەممەسنى ئېلان قىلدى، مەن شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ مەزمۇن ۋە ۋەزىن جەھەتتىن ئەسلى غەزەل بىلەن تولۇقلانغان مىسرالار ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرقنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. ھېس قىلغانلىرىمغا ئاساسەن، بۇ ھەقتە بىر ئاز پىكىرلىرىمنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرەر ئاپتورنىڭ غەزىلىگە باشقا بىر ئاپتورنىڭ تەخمىس يېزىشى ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل شېئىرىي شەكلى. تەخمىس بۇرۇنلاردىمۇ يېزىلغان، ھازىرمۇ يېزىلىۋاتىدۇ. تەخمىس يېزىش ئەسلى شېئىرنىڭ ھەججىمىنى كۆپەيتىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى غەزەل ئاپتورى شېئىرىدا تازا ئېچىلمىغان ياكى يوشۇرۇنۇپ قالغان يېڭى پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەسلى شېئىرنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇر تۈرلەندۈرۈشكە ئىنتىلىپ، شېئىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرۇش، بۇ ئارقىلىق كىتابخاننىڭ مەنىۋى، ئېستېتىك ئېھتىياجىنى تويۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ تەخمىس يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ ئەقەللىي ساۋات.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ شەكىللىرى ئۈستىدە توختالغاندا، غەزەل بىلەن مۇخەممەسنىڭ مۇتلەق ئاروز ۋەزنىدە يېزىلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئاروز ۋەزنىلىك شېئىرلاردا ۋەزىن قاتتىق ئۆلچەم قىلىنىدىغانلىقى بىزگە ئايان. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە نەزەرىيە سۆزلەش ھاجەتسىز. ئەمدى شېئىرنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:

يولداش مۇھەممەت چاۋارنىڭ «كۆرسەت» ناملىق غەزىلى مەپائىلۇن ۋەزنى ھەزەج بەھرىدە يېزىلغان. غەزەلنىڭ ۋەزنى، تۇراق قاپىيىلىرى ناھايىتى چۈشكەن بولغاچقا غەزەلنى ئوقۇسا ئېغىز چاقىدىغان بىرەر بوغۇم ئۇچرىمايدۇ. غەزەل ناھايىتى راۋان يېزىلغان. بىراق مۇھەممەت كامال تولۇقلاش جەريانىدا غەزەلنىڭ ئەسلى ۋەزنى، بەھرىگە سادىق بولماي شېئىرنى ۋەزىن جەھەتتىن پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن. مىسالغا مۇنۇ مىسرالارغا قاراپ باقايلى.

دىلىمدا چاق/نىغان ئەختەر/غۇۋالىق كۆر/مىسۇن بىردەم | =16

— — —v — — —v — — — v — — — v

ئۆمرۈڭ مەند/لىك ئۆتسۇن دوس/تىڭغا قىلىپ/ياردەم | =14

— — — v v — — — — v v —

سازىڭنى ئې/لىپ قولغا چې/لىپ مۇڭلۇق بو/لۇپ ھەمدەم | =15

— — — v — — — v v v — — — — v

ۋە يا ئۇندا/مۇقام توۋلاپ/تىلىمگەدىن گۈل/تۆكۈپ ھەر دەم | =16

— — — v — — — v — — — v — — — v

غەزەلخانلىق /بىلەن مەشرەپ/ئارا پەيزى/ناۋا كۆرسەت | =16

— — — v — — — v — — — v — — — v

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى مۇخەممەسنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى مىسرالىرىدىكى ۋەزىن پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بولغاچقا، شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن ئاھاڭدارلىقىغا زور تەسىر يەتكەن. ھەتتا بۇ مىسرالىرىنىڭ بوغۇم - تۇراقلىرىمۇ باشقا مىسرالار بىلەن تەڭ ئەمەس. مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ مىسرالار شېئىرىي جۈملىدىن يىراقلىشىپ. نەسرىي ئەسەرلەردىكى ئادەتتىكى ئاددىي جۈملە بولۇپ قالغان. نەتىجىدە تەخمىس شەكىل جەھەتتىنمۇ، مەزمۇن جەھەتتىنمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن. يەنە ئاشۇنداق قاملاشمىغان مىسرالاردىن بىر-ئىككىنى كۆرۈپ باقايلى.

بولمايدۇ رى/ئاللىق ئۇ كې/چە كۆرگەن شې/رىن چۈشتەك | =15

— — — v — — v v v — — v v — —

چوڭ بولدۇڭ ئە/قىل تاپتىڭ ۋە/تەن باغرىغا/تاڭغاندا | =15

— — — v v — — v — — — v — —

......................................................

بۇ مىسرالار مۇھەممەت كامال تولۇقلىغان «كۆرسەت» ناملىق مۇخەممەسنىڭ ئۈچىنچى تۆتىنچى كۇبلېتلىرىدىكى مىسرالار بولۇپ، ۋەزىن جەھەتتىن ئەسلى غەزەلنىڭ ۋەزىن تۇرىگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. ئاپتور بۇ مىسرالارنى قايسى ۋەزىن تۇرىگە سېلىپ يازغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇنداق ۋەزىن تۇرى يوق. بۇ تېكىستتىكى ئالغاندا غەزەل ئاپتورىنىڭ ئەمگىكىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، ئەگەر ئاپتورنىڭ مۇخەممەس يېزىش ھەۋىسى بولسا باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى نابۇت قىلىش، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنى بۇلغاش ھېسابىغا ئەمەس، ئۆزى ئايرىم تېمىدا مۇستەقىل يېزىشى كېرەك. ياكى بولمىسا تەخمىس يازماقچى بولسا غەزەل ئاپتورىنىڭ ئىرادىسىگە دۇنيا قارىشىغا، ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئەسلى ئاپتوردىن ئاشۇرۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئىقتىدار بىلەن يېزىش كېرەك. ئەنە شۇ ۋاقىتتا غەزەل ئاپتورىمۇ، كىتابخانمۇ قايىل بولىدۇ. شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي كۈچىمۇ ئاشىدۇ.

ئەمدى توختى مۇھەممەت تۇردىنىڭ «ئەۋەتمىپتۇ» نامالىق غەزەلىگە يازغان مۇخەممەسىدىن بىر نەچچە مىسرانى كۆرۈپ باقايلى.

قوشاركەن ھەم/مە ئەل-يۇرتتا/نىگارىنى يې/گى داستانغا | =16

— — — v — — — v — — — v — — — v

چۆللەرگە تۆ/كۈپ ساپ تەر ئۆز/گەرتكەچكە بوس/تانغا =14

— — — v — — — — — v v — —

| |
|---|
| جاڭگالدىن يو/قاپ چاتقال جاي/بەرگەچ گۈلسە/تانغا 14= |
| ئوقۇپ خەتنى/ھا ياجاندىن/بېشىم ئۆلاش/تى ئاسمانغا 16= |
| بىتاپ تەشنا/يۈرىكىمگە/شىپا ـ شەربەت/ئەۋەتىپتۇ 16= |

ئەقىللىق كىتابخان بۇ بىر كۇبلېت شېئىرنى كۆرۈپ باقسۇنكى تەخمىس يازغۇچىنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقى تۇپەيلىدىن مۇخەممەسنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى مىسرالىرىنىڭ ۋەزنى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان. ئاددىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغان يېرى تەخمىس يازغۇچى شېئىرىنىڭ ۋەزنىنى بۇزۇۋەتكەنىنىڭ ئۈستىگە تۇراقلىرىنىمۇ جايىدا ئورۇنلاشتۇرالماي تۆت تۇراق، 16 بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بۇ شېئىرنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى مىسراسى 14 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. بۇنى قانداقمۇ مۇخەممەس دېگىلى بولسۇن؟ ئازرۇز ۋەزنىدىن ئازراق خەۋىرى بار ئادەم بۇنىڭ ۋەزىن ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ. تەخمىس مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەسلى غەزەلنى كۈچەلەندۈرۈش ئۇيا قتا تۇرسۇن، شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىنى ساقلاپ قالالمىغان. پىكىر ۋە ۋەزىن جەھەتتىن ئەسلى غەزەلگە تازا چىپسىلىشىپ كېتەلمىگەن مىسرالار باشقا كۇبلېتلاردىمۇ ئۇچرايدۇ، كىتابخانلارنىڭ ئەمەلىي پاكىتنى كۆرۈشى ئۈچۈن مۇنۇ بىر كۇبلېتنى كۆرۈپ باقايلى.

| |
|---|
| باشلامچى بو/لۇپ ماڭغاچ سەپ/ئالدىدا بەس/بەستە 14= |
| يىگىتلەرمۇ/ھېرىپ قاپتۇ/تېخى تەڭ يول/غا يەتمەستە 16= |
| ئۇنۇتماپتۇ/مېنى ھەر چاغ/ساقلاپتۇ قە/لب ـ ئەستە 15= |
| ۋاپا گۈلزا/رىدىن تاللاپ/تىزىپتۇ ما/ڭا گۈلدەستە 16= |
| مېنىڭ ئىشقى/ئەقىدەمگە/رەھىم ـ شەپقەت/ئەۋەتىپتۇ 16= |

بۇ بىر كۇبلېت مۇخەممەسنىڭمۇ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسىنىڭ ۋەزىنلىرى ئەسلى غەزەلنىڭ ۋەزىنلىرىگە ھەرگىزمۇ چۈشمەيدۇ. مۇخەممەسنى ئوقۇسا ئالدىنقى ئۈچ مىسرا بىر ئادەمنىڭ، كېيىنكى ئىككى مىسرا باشقا بىر ئادەمنىڭ شېئىرى ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن ئارتۇق توختىلىش ھاجەتسىز. پەقەت ۋەزىن بەلگىسىگە قاراپ بېقىشلا كۇپايە. بۇ ئىككى پارچە تەخمىستىكى يېتەرسىزلىكلەرگە غەزەل ئاپتورلىرىنىڭ قانداق ئىنكاستا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. باشقا كىتابخانلار بۇ خىل يېتەرسىزلىكنى ئاللىقاچان سەزگەندۇر. لېكىن مەن بۇنداق نۇقسانلارنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئەسلا ياقتۇرمايمەن. ئەگەر شېئىر

(ئاخىرى 80 ـ بەتتە)


## ۋىلايىتىمىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

ئاپتورلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىي-سەنئەت ئەسەرلىرىدە دەۋر روھىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يېڭى بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە چىرا ناھىيىسىدە 1993-يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئاپتورلار ئالدى بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يالقۇن قادىرنىڭ ناھىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئىقتىسادى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى ۋە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرىي يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا چىرا يېزىسىنىڭ قۇم تىزگىنلەش بازىسى، بوستان يېزىسىنىڭ تەشمە قۇرۇلۇشى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۆت تاغلىق يېزىنىڭ تاش يول قۇرۇلۇشى ۋە دامىكۇ يېزىسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، دېھقانلارنىڭ قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن زور قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىلھام ئالدى، يېڭى پىكىر، يېڭى تېمىغا ئېرىشتى.

يىغىندا يەنە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىنغا ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 100 نەپەرگە يېقىن يازغۇچى-شائىر ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى قاتناشتى. يىغىندا يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى-شائىرلار ھازىرقى شارائىتتا ئەدەبىياتنى قانداق تونۇش، قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ئاپتورلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. يىغىن مۇزاكىرىسىدە 50 پارچىغا يېقىن شېئىر، ئون پارچە نەسرىي ئەسەر ئوقۇلۇپ، ئاپتورلار بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە كەڭ-كۇشادە پىكىر بايان قىلىش ئارقىلىق، ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈش توغرىسىدا مۇھىم تەكلىپلەرنى بەردى.

بۇ يىل 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ، چىرا ناھىيىلىك خەلق
هۆكۈمىتى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىرلىكتە چىرا ناھىيىسىدە ئەدەبىي - ئىجادىيەت
سۆھبەت يىغىنى ئاچتى



چىرا ناھىيىسىنىڭ پارتىيە هۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن « يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ۋە بىر قىسىم ئاپتورلار خاتىرە رەسىمگە چۈشتى



يىغىن قاتناشچىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكتە



ئاپتورلار چىرا ناھىيىسىنىڭ توپا كەنتىدىكى ئانار بازىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلماقتا



خوتەن شەھىرىدىكى بىر بۆلۈك ئاپتورلار كېرەم ئىمىننى
ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىك تۈرلىرىنى زىيارەت قىلدى

# 新 玉 文 艺　يېڭى قاشتېشى

## *NEW JADE LITERATURE*


| 1993年第四期（双月刊） | 1993 - يىل 5 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) |
|---|---|
| 编辑：《新玉文艺》编辑部 | تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى |
| 出版：和田行署文化处 | نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى |
| 喀什日报社印刷厂印 | «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى |
| 发行：和田地区邮电局 | خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ |
| 订阅：全国各地邮电局 | مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ |
| 印张：787×1092.1/16,6.25张 | فورماتى: 787 × 1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق |
| 国内外统一刊号： | مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: |
| ISSN 1002 — 929X | ISSN 1002 — 929X |
| CN 65—1088/1 | CN 65 — 1088/1 |
| 代　号：58 — 26 | پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 26 |
| 电话：23792 | تېلېفون نومۇرى: 23792 |
| 定价：0.60元 | باھاسى: 0.60 يۈەن |